# شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى

'99 5




شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىدىن چىقىرىلدى

## ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى پارتگورۇپپىسىنىڭ «ئۈچنى تەكىتلەش» تەربىيىسى بويىچە بىرىنچى باسقۇچلۇق ئۆگىنىشىدىن كۆرۈنۈشلەر

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى پارتگورۇپپىسى مەركەز ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ئورۇن لاشتۇرۇشى بويىچە «ئۈچنى تەكىتلەش» تەربىيىسى پائالىيىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇردى ھەمدە 24 ـ ئاپرېلدىن 25 ـ ئاپرېلغىچە 1 ـ باسقۇچلۇق ئۆگىنىشتىن خۇلاسە چىقاردى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى پارتگورۇپپىسىنىڭ شۇجىسى ھامىدىن نىياز، مۇئاۋىن شۇجىسى لى فېڭزى، ئەزالىرىدىن خەلچەم ئىسلام، جاڭ خېڭ، مىجىت ناسىر، قادىس جانابىل، سۇلايمان ۋە باش كاتىپ مەھەممەت ئىسمايىللار ئۆگىنىشكە قاتناشتى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى جۇ شېڭتاۋ «ئۈچنى تەكىتلەش» تەربىيىسى بويىچە مەركەز ئەۋەتكەن كۆزىتىش گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزالىرىمۇ يىغىنلارنى ئاڭلىدى.

(بۇ بەتتىكى سۈرەتلەرنى ۋاڭ شىنپىڭ تارتقان)



خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى پارتگورۇپپىسى 25 ـ ئاپرېل ئاچقان بىرىنچى باسقۇچلۇق ئۆگىنىشنى خۇلاسىلەش يىغىنى مەيدانى



پارتگورۇپپىنىڭ شۇجىسى ھامىدىن نىياز خۇلاسىلەش يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ۋە مۇھىم سۆز قىلدى



ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى پارتگورۇپپىسى ئاچقان بىرىنچى باسقۇچلۇق ئۆگىنىشنى خۇلاسىلەش يىغىنىغا قاتناشقان ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى جۇ شېڭتاۋ پارتگورۇپپىنىڭ شۇجىسى ھامىدىن نىياز بىلەن سەمىمىي سۆھبەتلەشتى.



پارتگورۇپپىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى لى فېڭزى پارتگورۇپپىنىڭ «ئۈچنى تەكىتلەش» تەربىيىسى بويىچە بىرىنچى باسقۇچلۇق ئۆگىنىشتىن خۇلاسە چىقاردى.



پارتگورۇپپا ئەزاسى مىجىت ناسىر، قادىس جانابىل، باش كاتىپ مەھەممەت ئىسمايىل خۇلاسىلەش يىغىنىدا



6 ـ ئاپرېل ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئورگىنى «ئۈچنى تەكىتلەش» تەربىيىسى بويىچە سەپەرۋەرلىك يىغىنى ئېچىپ، «ئۈچنى تەكىتلەش» نى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان پارتىيىۋىلىك، پارتىيە ئىستىلى تەربىيىسىنى چوڭقۇر قانات يايدۇردى. (لۇۋاڭخاۋ فوتوسى)

# «ئۈچنى تەكىتلەش» تەربىيىسىنى ياخشى ئېلىپ بېرىپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرەيلى

## ژۇرنىلىمىز تەھرىر بۆلۈمى

«ئۆگىنىشنى، سىياسىينى، توغرا كەيپىياتنى تەكىتلەش» نى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان پارتىيىۋىلىك، پارتىيە ئىستىلى تەربىيىسى پائالىيىتى نۆۋەتتە پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا ئومۇمىيۈزلۈك قانات يايدۇرۇلدى ھەمدە غايەت زور داغدۇغا ۋە تەسىر پەيدا قىلدى. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى سىستېمىسىدىكى بارلىق خادىملار ئۆگىنىشنى تەكىتلەشنى گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇپ، ئۇنى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئەمەلىيىتى بىلەن رەھبەرلىك بەنزىسىدىكىلەر ۋە شەخسلەرنىڭ خىزمەت ئەمەلىيىتى بىلەن زىچ بىرلەشتۈردى ياكى ئۆزلۈكىدىن بېرىلىپ كىتاب ئوقۇپ، پارتىيىنىڭ ئۈچ ئەۋلاد رەھبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ يادروسى بولغان يولداش ماۋزېدۇڭ، دېڭ شياۋپىڭ، جياڭ زېمىننىڭ ئالاقىدار مۇھىم سۆزلىرى ۋە ماقالىلىرىنى تەپسىلىي ئوقۇدى، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يولىغا قويۇلغاندىن بۇيانقى پارتىيىنىڭ ئالاقىدار مۇھىم ھۆججەتلىرىنى ئۆگەندى. كۆپچىلىك ئۆگىنىش بىلەن ئۆزىنى قوراللاندۇرۇپ، ماركسىزملىق نەزەرىيە سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە زور كۈچ سەرپ قىلىپ، «ئۈچنى تەكىتلەش» تەربىيىسىنىڭ چوڭقۇر، پۇختا ئېلىپ بېرىلىشىغا ياخشى ئاساس سالدى.

پۈتۈن مەملىكەتتە يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە باسقۇچلۇق بولۇپ ئېلىپ بېرىلىدىغان «ئۈچنى تەكىتلەش» تەربىيىسىنىڭ مەقسىتى، ئىستىل تۈزىتىش روھى بويىچە، ناھىيىدىن يۇقىرى پارتىيە رەھبەرلىك بەنزىلىرى ۋە رەھبىرىي كادىرلار ئارىسىدا ساقلىنىۋاتقان پارتىيىۋىلىك، پارتىيە ئىستىلى جەھەتتىكى مەسىلىلەرنى ئەستايىدىل ھەل قىلىش ئارقىلىق، رەھبەرلىك بەنزە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشتىن ئىبارەت. خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ سىياسىيىۋىلىكى كۈچلۈك بولۇپ، دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىدا، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش قەدىمىنى تېزلىتىشتە مۇھىم مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئالغان. «ئۈچنى تەكىتلەش» تەربىيىسىنى ياخشى ئېلىپ بېرىش، پۈتۈن شىنجاڭدىكى خەلق قۇرۇلتىيى سىستېمىسىدىكىلەرنىڭ دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش، پارتىيە 15 - قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، رەھبەرلىك بەنزىسى ۋە رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ساپاسىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئۆستۈرۈش، پارتىيىنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسى، ئاساسىي لۇشيەنىدە قەتئىي تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇش، يەرلىك دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنىنىڭ قانۇندا بەلگىلەنگەن خىزمەت ھوقۇقىنى تېخىمۇ ياخشى ئىجرا قىلدۇرۇشتا غايەت زور رېئال ئەھمىيەتكە ۋە چوڭقۇر تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە.

كۆپ يىللاردىن بۇيانقى ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ پارتىيە تەشكىلى ۋە ئورگان رەھبەرلىك بەنزىسى، رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئىدىيىۋى - سىياسىي قۇرۇلۇشى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىلدى، ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار ئۆگىنىشنى، سىياسىينى، توغرا كەيپىياتنى تەكىتلەش جەھەتتە خېلى زور ئىلگىرىلەش ھاسىل قىلدى، كۆپ ساندىكىلىرى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇپ ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش كۈرىشىنىڭ قاتتىق سىناقلىرىغا بەرداشلىق بەردى. ئەمما، يېڭى ۋەزىيەت، يېڭى ۋەزىپىنىڭ تەلىپى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، كادىرلار قوشۇنىنىڭ ئىدىيىۋى - سىياسىي ساپاسى ۋە كەسپىي ساپاسى يەنىلا تۆۋەن، بەزى مەسىلىلەرنى تېزدىن ھەل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

خەلق قۇرۇلتىيى سىستېمىسىدا ئېلىپ بېرىلغان «ئۈچنى تەكىتلەش» تەربىيىسى، باشقا پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى بىلەن ئورتاقلىققا ھەم ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە. ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، ئاساسلىقى رەھبەرلىك بەنزىسى ۋە رەھبىرىي كادىرلارنىڭ سىياسىي ئىنتىزام، دېموكراتىيە - مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى ۋە خىزمەت ئىستىلى جەھەتتىكى مەسىلىلىرىنى ياخشى ھەل قىلىش لازىم. يەنى، پارتىيىنىڭ مەركىزىي خىزمىتىگە ئاڭلىق بويسۇنۇش ۋە مۇلازىمەت قىلىش، مەركىزىي خىزمەتنى زىچ چۆرىدىگەن ھالدا ئاساسىي قانۇندا بېرىلگەن قانۇن چىقىرىش، نازارەتچىلىك، چوڭ - چوڭ ئىشلارنى قارار قىلىش، كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش ۋە ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇش ھوقۇقىنى ئاكتىپ يۈرگۈزۈپ، مەركىزىي خىزمەتنىڭ ساغلام، ئوڭۇشلۇق راۋاجلىنىشىغا ھەيدەكچىلىك ۋە كاپالەتلىك قىلىش ياكى قىلالماسلىق؛ چوڭ - چوڭ مەسىلىلەرنى قارار قىلىش ھوقۇقىنى توغرا يۈرگۈزۈپ، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرى ۋە دۆلەتنىڭ قانۇن، نىزاملىرىنى شۇ مەمۇرىي رايون دائىرىسىدە ئىزچىللاشتۇرۇش ياكى ئىزچىللاشتۇرالماسلىق؛ دۆلەت ئورگانلىرىدا كادىرلارنى سايلاش ۋە ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇشتا، قانۇن بويىچە ئىش قىلىشتا چىڭ تۇرۇش بىلەن پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىشنى زىچ بىرلەشتۈرۈش ياكى بىرلەشتۈرەلمەسلىك؛ كۆزدىن كەچۈرۈش، تەكشۈرۈش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇشتا، ھەقىقىي ئىشلەشتەك خىزمەت ئىستىلى بىلەن ئاساسىي قاتلامغا، ئامما ئارىسىغا، ئەمەلىيەتكە چوڭقۇر چۆكۈش، ھەقىقىي ئەھۋالنى ئىگىلەش، مەسىلىنىڭ تۈگۈنىنى تېپىپ چىقىپ ئىجابىي پىكىرلەرنى بېرىش ياكى بېرەلمەسلىكتىن ئىبارەت. ئومۇمەن، شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ رەھبەرلىك بەنزىلىرى مەركەزنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ۋە تەلىپى بويىچە يۈكسەك سىياسىي مەسئۇلىيەتچانلىق، يېتەرلىك رەھبىرىي كۈچ، ياخشى روھىي كەيپىيات بىلەن پارتىيىۋىلىك، سىياسىيىۋىلىك جەھەتتە ساقلانغان گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ياخشى ھەل قىلىشى، كۆپچىلىكنى ئىدىيە جەھەتتە، سىياسىي جەھەتتە، ئىستىل جەھەتتە بۆسۈش ھاسىل قىلدۇرۇپ، ئىنتىزامنى كۈچەيتىشى، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرى ۋە 15 - قۇرۇلتاي روھىنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشى لازىم.

# شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى

(ئايلىق ژۇرنال)
1999 - يىل 5 - سان
(ئومۇمىي 194 - سان)
(19 - يىل نەشرى)
«شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلى ئىدارىسى نەشر قىلدى
ئىدارە باشلىقى: ئەنۋەر غولام    باش مۇھەررىر: لەن شۆيى
«شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى
مەسئۇل تۈزگۈچى: سەمەت دۇگايلى    مۇئاۋىن مەسئۇل تۈزگۈچى: سىراجىدىن ئىسمايىل

**ئوبزور** «ئۈچنى تەكىتلەش» تەربىيىسىنى ياخشى ئېلىپ بېرىپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى-نىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرەيلى ........................ ژۇرنىلىمىز تەھرىر بۆلۈمى (1)

**مۇھىم ماقالە** ئىستىل تۈزىتىش روھى بويىچە «ئۈچنى تەكىتلەش» تەربىيىسىنى ياخشى ئېلىپ بارايلى ........................ ھامىدىن نىياز (4)

**يەرلىك نىزام** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ‹جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ بېقىۋېلىش قانۇنى› نى ئىجرا قىلىش توغرىسىدىكى قوشۇمچە بەلگىلىمىسى» گە تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدىكى قارارى ........................ (10)

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ بېقىۋېلىش قانۇنى» نى ئىجرا قىلىش توغرىسىدىكى قوشۇمچە بەلگىلىمىسى ........................ (10)

**بىلىم كۆزنىكى** يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەركىبىدىكى خادىملار ئۈچۈن ئوقۇشلۇق ........................ (11)

**ئۆگىنىش** يېزا ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنىڭ ئىدىيە، ئىستىل قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش كېرەك ........................ ئابلىمىت ياسىن (16)

**مۇھاكىمە ۋە تەپەككۇر** قانۇننى ئىجرا قىلىش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، دېلو بېجىرىش سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلايلى ........................ تۇنىياز ھوشۇر (19)

**خىزمەت تەتقىقاتى** قانۇن چىقىرىش خىزمىتىدە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بىر قانچە مەسىلە ........................ (23)

رەھبىرىي كادىرلار ئۆزىنىڭ قانۇن ساپاسىنى تىرىشىپ يۇقىرى كۆتۈرۈشى لازىم ........................ ئابلەت مامۇت (28)

**قانۇن تەتقىقاتى** باجدىن قانۇنلۇق قېچىش ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش توغرىسىدا ........................ غوجى ئەيسا (33)

20 يىلدىن بۇيانقى دۆلىتىمىزنىڭ دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى ........................ جاڭ گوئەن (37)

**مۇلاھىزە** چىرىكلىشىشنىڭ ئىپادىسى بولغان ئومۇمنىڭ پۇلىغا يەپ - ئىچىش، ئويۇن - تاماشا قىلىش شامىلىنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبلىرى ۋە ئۇنى تۈزەش، تىزگىنلەش تەدبىرى توغرىسىدا ........................ مۇختار مۇھەممەت (42)

ھەر ئاينىڭ 5 ـ كۈنى نەشردىن چىقىدۇ
جايلاردىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقىتىدۇ

تىكستى: ئۈرۈمچى تۆمۈريول ئىدارىسى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
مۇقاۋىسى: شىنجاڭ ناشقى سودا ئوراش ـ قاچىلاش زاۋۇتى رەڭلىك سۈرەت بېسىش ئورنىدا بېسىلدى

مەملىكەت ئىچىدىكى بىر تۇتاش نومۇرى:
CN65 — 1166/D
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 34 ـ 58
پوچتا نومۇرى: 830002
ئادرېسىمىز: ئۈرۈمچى شەھىرى شەرق شامىلى يولى 10 ـ قورۇ
تېلېفون: 2822065 ئارقىلىق 63911

**تارىختىن سۆز** تەكلىماكاندىكى دەندان ئۆيلۈك خارابىسى········ مۇھەممەتتۇرسۇن سىدىق (44)

**ئالاھىدە خەۋەر** بوگۈن خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئۈۋال قىلىنىپ 20 يىل جازا ئۆتىگەن، 20 يىل جاپالىق ئەرز قىلىپ، قارا چېچى ئاق چاچقا ئايلانغان ··· يېتىپ ئاشقىچە خورلۇق تارتقان گاۋچاڭ جياڭنى پاكلىقتا ۋە ئادىلىقتا ئېرىشتۈردى ························ جاۋ يۇ (45)

**خەۋەرلەر** چاربىاغ يېزىسىدا خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى ياخشى ئىشلەندى ························ نۇرمۇھەممەت مەخمۇت، ئارزۇگۈلخان (48)

توققۇزتارا ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى خەلق ۋەكىللىرىنى تەشكىللەپ، ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ خاتا دېلولارنى سۈرۈشتۈرۈش تۈزۈمىنى ئىجرا قىلىش ئەھۋالىنى تەكشۈردى ························ قۇربانجان، لەن چىشاڭ (48)

توققۇزتارا ناھىيىلىك خ ق ۋەكىللىرى سۇ قۇرۇلۇشى بىلەن شەھەر بازىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۆزدىن كەچۈردى ························ قۇربانجان، لەن چىشاڭ (49)

باي ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى خەلق قۇرۇلتىيى بىلىملىرى بويىچە تەربىيىلەش كۇرسى ئۆيۈشتۇرۇپ، يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياسەتتىنىڭ رەئىسلىرىنى تەربىيىلىدى························ ئارزۇگۈل مۇھەممەت (50)

**دېلودىن مىسال** قاشتېشى ئىچىگە يوشۇرۇلغان خىروئىن ························ شى گوخۇ (51)

**ئەرمىلەر** ھەقىقەت ۋە قانۇنچىلىقتا بىر ئۆمۈر چىڭ تۇرغان پېڭ جېن························ (53)

**بىلىۋېلىڭ** دۆلىتىمىزدە ھازىرغىچە قانچە ئاساسىي قانۇن تۈزۈلگەن؟ ························ (61)

ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان ئاساسىي قانۇنغا قانچە قېتىم تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن؟ ························ (61)

يىغىن كۆپ بولۇشتىن بولىدىغان كېسەللەر ························ (61)

تاماق چايناشنىڭ كۆزنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ························ (62)

قارا ئۆرۈك ۋە ئۇنىڭ شىپالىق رولى ························ ساۋۇت ھېكىم (62)

دۇنيادىكى ئەڭ چىرىكلەشكەن دۆلەتلەر ۋە ئەڭ پاك دۆلەتلەر ························ (63)

**ئەتىرگۈل** گۈللىنەمدۇ ماڭارىپ؟ ························ بالقۇن ئۆمەر (64)

ئىككى شېئىر ························ پەرھات مەتىمىن (64)

# ئىستىل تۈزىتىش روھى بويىچە «ئۆچنى تەكىتلەش» تەربىيىسىنى ياخشى ئېلىپ بارايلى

△ هامىدىن نىياز △

نۆۋەتتە، پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ ناھىيە، باشقارما دەرىجىلىكتىن يۇقىرى رەھبەرلىك بەنزىلىرى ۋە رەھبىرىي كادىرلىرى ئارىسىدا «ئۆگىنىشنى، سىياسىينى، توغرا كەيپىياتنى تەكىتلەش» ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان پارتىيىۋىلىك ۋە پارتىيە ئىستىلى تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش — پارتىيە 15 ـ قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، رەھبەرلىك بەنزىلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، كادىرلارنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشتىكى مۇھىم تەدبىر. بىز «ئۆچنى تەكىتلەش» تەربىيىسىنى ياخشى ئېلىپ بېرىپ، كۆزلىگەن ئۈنۈمگە ئېرىشىشىمىز لازىم.

**1. مەركەز ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ يوليورۇق، تەلەپلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، «ئۆچنى تەكىتلەش» تەربىيىسىنى قانات يايدۇرۇشنىڭ زۆرۈرلۈكى ۋە مۇھىملىقىنى تولۇق تونۇش لازىم.**

بىرىنچى، «ئۆچنى تەكىتلەش» تەربىيىسىنى قانات يايدۇرۇش يېڭى ۋەزىيەت، يېڭى ۋەزىپىلەر رەھبەرلىك بەنزىلىرى، رەھبىرىي كادىرلارغا قويغان جىددىي تەلەپ. نۆۋەتتە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئىشلىرىمىز يېڭى تارىخىي تەرەققىيات دەۋرىگە قەدەم قويدى. پارتىيە 15 ـ قۇرۇلتىيىدا «دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىنىدىغان سوتسىيالىستىك دۆلەت قۇرۇش» ئاساسىي فاڭجېنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ئۇنىڭغا ئاساسەن، 9 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 2 ـ يىغىنى ئاساسىي قانۇننىڭ تۈزىتىلمىسىنى ماقۇللاپ، بۇ فاڭجېنىنى دۆلەتنىڭ توپ چوڭ قانۇنى شەكلىدە مۇقىملاشتۇردى. خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى راۋاجلاندۇرۇش، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىقنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىنىدىغان سوتسىيالىستىك دۆلەت قۇرۇش جەھەتلەردە زور ھەم شەرەپلىك مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالغان. يېڭى ۋەزىيەت، يېڭى ۋەزىپىلەر پارتگورۇپپىمىز ئەزالىرى ۋە ئورگىنىمىزدىكى باشقارما دەرىجىلىكتىن يۇقىرى رەھبەرلىك بەنزىلىرى، رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ساپاسىنى، بولۇپمۇ ئىدىيىۋى ـ سىياسىي ساپاسىنى، ماركسىزم نەزەرىيىسى ئارقىلىق ۋەزىيەتنى توغرا كۆزىتىش ۋە تەھلىل قىلىش، مۇرەككەپ ۋەزىيەتنى كونترول قىلىش، رېئال مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشكە قارىتا يېڭى، تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپ قويدى. شۇڭا، قەتئىي تۈردە مەركەز ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، «ئۆچنى تەكىتلەش» تەربىيىسىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش — دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىپ، پارتىيە 15 ـ قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، رەھبەرلىك بەنزىلىرى ۋە كادىرلار قوشۇنىنىڭ ساپاسىنى، بولۇپمۇ ئىدىيىۋى ـ سىياسىي ساپاسىنى ئومۇمىي جەھەتتىن ئۆستۈرۈشتە، پارتىيىنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسى ۋە ئاساسىي لۇشيەنىدە تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇشتا، يەرلىك دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنىنىڭ قانۇندا بەلگىلەنگەن خىزمەت ھوقۇقىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇشتا زور رېئال ئەھمىيەتكە ۋە چوڭقۇر تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئىككىنچى، «ئۆچنى تەكىتلەش» تەربىيىسى پارتگورۇپپىمىز ۋە ئورگىنىمىزدىكى رەھبەرلىك بەنزىلىرى، رەھبىرىي كادىرلار قوشۇنىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشنىڭ ئىشەنچلىك كاپالىتى. پارتگورۇپپىمىز ۋە ئورگىنىمىزدىكى رەھبەرلىك بەنزىلىرى، رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئاساسىي ئېقىمى ياخشى، بۇنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈش كېرەك. لېكىن شۇنىمۇ سەگەكلىك بىلەن كۆرۈشىمىز كېرەككى، كۆڭۈلدىكىدەك بولمايۋاتقان بەزى ئەھۋاللار ۋە مەسىلىلەرمۇ مەۋجۇت، ئورگاننىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشىدا يەنە بەزى ئاجىز ھالقىلار بار. بولۇپمۇ بەزى رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ساپاسى، خۇسۇسەن ئىدىيىۋى ـ سىياسىي ساپاسى ۋەزىيەت ۋە ۋەزىپىلەرنىڭ تەلىپىگە دېگەندەك ماس كېلەلمەيۋاتىدۇ. يولداش خۇ جىنتاۋ مەركەزنىڭ تېلېۋىزىيە ـ تېلېفون يىغىنىدا

مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: نۆۋەتتە كادىرلار قوشۇنىدا ساقلىنىۋاتقان ئاساسلىق مەسىلىلەر: (1) بەزىلەرنىڭ غايىسى، ئېتىقادى مۇستەھكەم ئەمەس، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشقا بولغان تونۇشى يېتەرلىك ئەمەس، ئىشەنچىسى كەمچىل، ئۇلار بىرەر مەسىلىگە ۋە قىيىنچىلىققا يولۇققاندا تەۋرىنىپ قالىدۇ، ھەتتا پارتىيە بىلەن بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە بولالمايدۇ، چېكىنىش يولىنىڭلا غېمىدە بولىدۇ. (2) بەزىلەرنىڭ سىياسىي قارىشى سۇس، سىياسىي مەيدانى تۇتۇق، ھەتتا سىياسىي جەھەتتە ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارىمۇ يوق، ئۇلار ھەق - ناھەقنى ئايرىمايدۇ، ياخشى - ياماننى پەرق ئەتمەيدۇ ياكى پرىنسىپال مەسىلىلەردە ئېنىق پوزىتسىيە بىلدۈرمەيدۇ، پايدا - زىيان بىلەن ھېسابلىشىدۇ، زىددىيەتتىن ئۆزىنى قاچۇرىدۇ، مەسئۇلىيەتنى باشقىلارغا ئىتتىرىدۇ. (3) بەزىلەر شەخسىي مەنپەئەت ۋە كىچىك كوللېكتىپنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلەيدۇ. مەركەزنىڭ سىياسىتىنى سۈيئىستېمال قىلىدۇ، دۆلەت مەنپەئەتى ۋە قانۇن، پەرماننىڭ بىرلىكى بىلەن ھېسابلاشمايدۇ، ھەتتا خىزمەت ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ جىنايەتكە چاپان ياپىدۇ، قاتنىشىدۇ. (4) بەزىلەر ئەمەلنىڭلا كويىدا بولىدۇ، يېقىنلىرىنىلا يېنىغا تارتىدۇ، كادىرلار ئارىسىدا تارتىشماق ئوينايدۇ، رەھبەرلىك بەنزىسىدە پۇت تېپىشىدۇ، پرىنسىپسىز جېدەل قىلىدۇ، ھەتتا ئۆز مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن ۋاستە تاللىمايدۇ، تەۋەككۈل قىلىدۇ. (5) بەزىلەر ئىستىلدا ناچار، ساختىپەزلىك قىلىدۇ، نام - ئاتاق قوغلىشىدۇ، شەكىلۋازلىق قىلىدۇ؛ بەزىلەر ئىسراپچىلىق قىلىدۇ، ئەيش - ئىشرەتكە بېرىلىدۇ، ئاممىنىڭ مەنپەئەتىگە ئېغىر زىيان يەتكۈزىدۇ. يەنە بەزىلەر تېخى نەپسى يوغىناپ كەتكەچكە، قانۇننى دەپسەندە قىلىپ، پارا تەلەپ قىلىپ ۋە پارا ئېلىپ، چىرىكلىشىپ كەتتى. بۇ بەش خىل ئەھۋال ۋە باش شۇجى جياڭ زېمىن مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىدە كۆرسىتىپ ئۆتكەن پارتىيە ئىچىدە ساقلىنىۋاتقان پارتىيە ئىنتىزامىغا خىلاپ تۆت خىل ئەھۋال ھەمدە شۇجى ۋاڭ لېچۈەن ئاپتونوم رايون بويىچە «ئۈچنى تەكىتلەش» تەربىيىسى سەپەرۋەرلىك يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزىدە كۆرسىتىپ ئۆتكەن بەزى مەسىلىلەر مەركەزنىڭ رەھبەرلىرى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مەسئۇلى پۈتۈن مەملىكەت، پۈتۈن ئاپتونوم رايون نۇقتىسىدىن ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلىلەردۇر. ئەمدى، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرگەندە، يۇقىرىقى مەسىلىلەرنىڭ ئۆزىمىزدىكى ئىپادىسى زادى قانداق، ئېغىرمۇ، يېنىكمۇ؟ كۆپچىلىك ئەستايىدىل ئويلىنىپ كۆرسەك. رەھبىرىي يولداشلار كۆرسەتكەن بۇ مەسىلىلەرنىڭ ئىپادىلىرى ئاز - كۆپلۈك ۋە ئېغىر - يېنىكلىك جەھەتتە بىر - بىرىدىن پەرقلىنىشىمۇ، ھەممىسى ئۆگىنىشكە، سىياسىيغا، توغرا كەيپىياتقا ئەھمىيەت بەرمىگەنلىكنىڭ، دۇنيا قاراشنى ئۆزگەرتىش ۋە پارتىيىۋىلىك جەھەتتە تەربىيىلىنىشنى تاشلاپ قويغانلىقنىڭ ئىپادىسى، بۇنىڭ زىيىنى ئۆز - ئۆزىدىن مەلۇم. شۇڭا، «ئۈچنى تەكىتلەش» تەربىيىسىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرغاندىلا، يۇقىرىقى مەسىلىلەرنى يىلتىزىدىن تۈگەتكىلى بولىدۇ، رەھبەرلىك بەنزىلىرىنىڭ ئىدىيىۋى - سىياسىي قۇرۇلۇشنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتكىلى بولىدۇ، رەھبەرلىك بەنزىلىرىمىز ۋە رەھبىرىي كادىرلىرىمىزنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشنى ئىشەنچلىك كاپالەتكە ئىگە قىلغىلى بولىدۇ.

رەھبەرلىك بەنزىلىرىمىز ۋە رەھبىرىي كادىرلىرىمىز چوڭقۇر ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇمىيىتى يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئىستىقبالى ۋە تەقدىرى يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، «ئۈچنى تەكىتلەش» تەربىيىسىنىڭ مۇھىملىقى ۋە تەخىرسىزلىكىنى تولۇق تونۇشى لازىم. ئىدىيىۋى تونۇشنى مەركەز ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ تەلىپى ئاساسىدا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، يۈكسەك سىياسىي مەسئۇلىيەتچانلىق، ياخشى روھىي ھالەت بىلەن زېھنىنى يىغىپ، «ئۈچنى تەكىتلەش» تەربىيىسىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇشنى نۆۋەتتە ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدە پارتىيە قۇرۇلۇشنى كۈچەيتىشتىكى ئەڭ مۇھىم ئىش سۈپىتىدە چىڭ تۇتۇش لازىم.

**2. «ئۈچنى تەكىتلەش» تەربىيىسىنى ئىستىل تۈزىتىش روھى بىلەن پۇختا ۋە ئۈنۈملۈك قانات يايدۇرۇش لازىم.**

ئورگىنىمىزنىڭ بۇ قېتىمقى «ئۈچنى تەكىتلەش» تەربىيىسىنىڭ ئاساسىي ئوبيېكتى باشقارما دەرىجىلىكتىن يۇقىرى رەھبىرىي كادىرلار، بولۇپمۇ پارتگورۇپپىمىز ۋە ئۇنىڭ ئەزالىرى. ئومۇمىي نىشان ۋە تەلەپ مۇنداق: «ئۈچنى تەكىتلەش» تەربىيىسى ئارقىلىق باشقارما دەرىجىلىكتىن يۇقىرى رەھبەرلىك بەنزىلىرى ۋە رەھبىرىي كادىرلارنىڭ دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە پارتىيە 15 - قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، سىياسىي ساپاسىنى ئۆستۈرۈپ، پارتىيىۋىلىك جەھەتتە تەربىيىلىنىشنى كۈچەيتىپ، ئىدىيە - ئىستىلنى توغرىلاپ، ئوبيېكتىپ دۇنيانى ئۆزگەرتىش بىلەن بىرگە، سۇبيېكتىپ دۇنيانى ئۆزگەرتىش ئاڭ-

لىقلىقىنى ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولۇپ، ئورگاندىكى بارلىق
كادىرلارنى ئىدىيە جەھەتتە، سىياسىي جەھەتتە، ئىستىل
جەھەتتە، ئىنتىزام جەھەتتە كۆرۈنەرلىك ئالغا بېسىپ،
پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن تېخىمۇ ئاڭلىق ھالدا
يۈكسەك بىردەك بولۇشقا ئىمكانىيەت يارىتىش.

بۇ قېتىمقى «ئۈچنى تەكىتلەش» تەربىيىسى ئاپتونوم
رايونلۇق پارتكومنىڭ «ئۈچنى تەكىتلەش» تەربىيىسىنى
يولغا قويۇش لايىھىسىدىكى تەلەپ بويىچە يۈقىرىدىن تۆۋەن-
گىچە، دەرىجە ۋە تۈركۈمگە بۆلۈپ ئېلىپ بېرىلىدۇ. پارت-
گۇرۇپپىمىزنىڭ «ئۈچنى تەكىتلەش» تەربىيىسى بىر قەدەم
ئالدىدا ماڭىدۇ، ھازىردىن باشلاپ ئومۇمیۈزلۈك قانات ياي-
دۇرۇلىدۇ، ۋاقتى تەخمىنەن ئىككى ئاي بولىدۇ. پارتگۇ-
رۇپپىمىزنىڭ «ئۈچنى تەكىتلەش» تەربىيىسى مەركەز ۋە
ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ تەلىپى بويىچە تۆت باسقۇچقا
بۆلۈنىدۇ: (1) ئىدىيىۋى سەپەرۋەرلىك، ئۆگىنىش باسقۇ-
چى، بۇ ئۈچ ھەپتە داۋام قىلىدۇ؛ (2) ئۆز ـ ئۆزىنى
ئوپېراتسىيە قىلىپ كۆرۈش، پىكىر ئاڭلاش باسقۇچى، بۇ
ئۈچ ھەپتە داۋام قىلىدۇ؛ (3) پىكىر ئالماشتۇرۇش،
تەنقىدنى قانات يايدۇرۇش باسقۇچى، بۇ بىر ھەپتە داۋام
قىلىدۇ؛ (4) ئەستايىدىل تۈزىتىش، نەتىجىلەرنى مۇس-
تەھكەملەش باسقۇچى، بۇ بىر ھەپتە داۋام قىلىدۇ.

ئورگاننىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، «ئۈچنى تە-
كىتلەش» تەربىيىسىدە تۆۋەندىكى بەش نۇقتىنى ئوبدان ئى-
گىلەش لازىم:

(1) ئۆگىنىشكە باشتىن ئاخىر ئەھمىيەت بېرىش كې-
رەك. بۇ پۈتكۈل «ئۈچنى تەكىتلەش» تەربىيىسىنىڭ ئال-
دىنقى شەرتى ۋە ئاساسى، «ئۈچنى تەكىتلەش» تەربىيىسىدە
رەسمىيەتچىلىك قىلماي، ئەمەلىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىشنىڭ
مۇھىم ھالقىسى. «ئۈچنى تەكىتلەش» تەربىيىسىنى چوڭ-
قۇر قانات يايدۇرۇش يېڭى ۋەزىيەتتە رەھبەرلىك بەنزىلىرى
ۋە رەھبەرىي كادىرلار ئارىسىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان مارك-
سىزملىق تەربىيە بولۇپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش يېڭى
ۋەزىيىتىدە ھەرىكەت ئېلىپ بارماي، رەھبەرىي كادىرلاردا
ساقلىنىۋاتقان گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈستى-
دىكى ئىجابىي ئىزدىنىش. پۈتكۈل «ئۈچنى تەكىتلەش»
تەربىيىسىدە نەزەرىيە ئۆگىنىش، مېڭىنى قوراللاندۇرۇشنى
ئىدىيىنى توغرىلاش، ئىستىلنى ياخشىلاش بىلەن زىچ بىر-
لەشتۈرۈش لازىم. ئورگاندىكى باشقارما دەرىجىلىكتىن يۇ-
قىرى رەھبەرلىك بەنزىلىرى ۋە رەھبەرىي كادىرلارنىڭ ئى-
دىيە، خىزمەت ئەمەلىيىتىگە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، ماۋزې-
دۇڭ، دېڭ شياۋپىڭ، جياڭ زېمىننىڭ ئالاقىدار بايانلىرى
ۋە مەركەزنىڭ ئالاقىدار ھۆججەتلىرىنىڭ روھىنى چوڭقۇر
ئۆگىنىپ، تونۇشنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، ئىدىيىۋى تو-
سالغۇلارنى يېڭىپ، «ئۈچنى تەكىتلەش» تەربىيىسىنى ئو-
ڭۇشلۇق قانات يايدۇرۇش لازىم. مەركەز ۋە ئاپتونوم رايون-
لۇق پارتكوم بەلگىلىگەن ئوقۇشلۇقلارنى قايتا ـ قايتا ئو-
قۇش، چوڭقۇر چۈشىنىش لازىم. مەركەزلىك ئۆگىنىش
بىلەن تارقاق ئۆگىنىشنى بىرلەشتۈرۈش لازىم. مەركەزلىك
ئۆگىنىش مەزگىلىدە پرىنسىپ جەھەتتە باشقا پائالىيەت ئو-
رۇنلاشتۇرۇلمايدۇ، بايرام، دەم ئېلىش كۈنلىرىدىمۇ دەم
ئېلىنمايدۇ، ئىش ۋە رۇخسىتى بىلەن دەرستىن قالغانلار ئەس-
تايىدىل دەرس تولۇقلايدۇ. تارقاق ئۆگىنىش ۋاقتىدا كۆ-
ڭۈل قويۇپ كىتاب كۆرۈش بىلەن تەسىرات يېزىشنى بىر-
لەشتۈرۈش لازىم. ماركسىزملىق ئۆگىنىش ئىستىلىنى جا-
رى قىلدۇرۇپ، نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ،
ئۆگەنگەننى ئىشلىتىش لازىم. ئۆگەنگەندە بېرىلىپ ئۆگى-
نىش، مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا جۈرئەت قىلىش،
ئەستايىدىل كىتاب كۆرۈش بىلەن بىرگە چوڭقۇر پىكىر
يۈرگۈزۈش كېرەك. ئۆگىنىش بىلەن مەسىلىلەرنى ئوتتۇ-
رىغا قويۇش، ئۆزىنى ئوپېراتسىيە قىلىپ كۆرۈشنى بىر-
لەشتۈرۈش لازىم. قىسقىسى، ئۆگىنىش باسقۇچىدا، ۋاقىت-
نى مەركەزلەشتۈرۈپ، ئۈنۈملۈك ئۇسۇل قوللىنىپ، قات-
تىق تەلەپ قويۇپ، ئىنتىزامنى چىڭىتىپ، سۈپەتنى ئۆس-
تۈرۈپ، ئۈنۈمگە كاپالەتلىك قىلىپ، ئىدىيىۋى ـ نەزەرىيە-
ۋى سەۋىيىنى كۆرۈنەرلىك ئۆستۈرۈش، بولۇپمۇ مەسىلە-
لەرنى نەزەرىيە ئارقىلىق كۆزىتىش، تەھلىل قىلىش ئىقتى-
دارىنى كۆرۈنەرلىك ئاشۇرۇش، مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا
قويۇش ۋە ھەل قىلىش ئۈچۈن ئوبدان نەزەرىيىۋى ئاساس
سېلىش لازىم.

(2) مۇھىم نۇقتىنى تۇتۇپ، گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى
قاراتمىلىقى بولغان ھالدا ھەل قىلىش لازىم. «ئۈچنى تە-
كىتلەش» تەربىيىسىدە ئەمەلىي ئۈنۈمگە ئېرىشىش ـ ئېرى-
شەلمەسلىكنىڭ ئاچقۇچى رەھبەرلىك بەنزىلىرى ۋە رەھبە-
رىي كادىرلاردا پارتىيىۋىلىك ۋە پارتىيە ئىستىلى جەھەتتە
ساقلىنىۋاتقان گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى توغرا تېپىپ چىقىش
ـ چىقالماسلىقتا. چىڭ تۇتۇش ـ تۇتالماسلىق ۋە بۇنداق
مەسىلىلەرنى ياخشى ھەل قىلىش ـ قىلالماسلىقتا. مەركەز
ئوتتۇرىغا قويغان تۆت تۈرلۈك ئاساسىي تەلەپ بويىچە،
شۇجى ۋاڭ لېچۈەن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە
بىرلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ «ئۈچنى تەكىتلەش»
تەربىيىسىدە نۇقتىلىق ھەل قىلىشقا تېگىشلىك ئالتە مەسى-
لىنى ئوتتۇرىغا قويدى: بىرىنچى، غايە، ئېتىقاد مەسىلە-

سىي. بۇنىڭ يادروسى دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئەستايىدىل، ئاڭلىق ئۆگىنىش - ئۆگەنمەسلىك، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشقا بولغان ئېتىقاد چىڭ بولۇش - بولماسلىق، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇش - تۇرماسلىق، چوڭ پرىنسىپال مەسىلىلەردە مەيدان مۇستەھكەم، بايراق روشەن بولۇش - بولماسلىق. ئىككىنچى، سىياسىي ئىنتىزام مەسىلىسى. ئاساسلىقى يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن ئىدىيە، سىياسىي جەھەتتە يۈكسەك بىردەك بولۇش - بولماسلىق، مەركەز ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرى ۋە خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇشىنى قەتئىي ئىجرا قىلىش - قىلماسلىق، مىللەتلەر بۈيۈك ئىتتىپاقلىقى بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداپ، بايراق روشەن ھالدا مىللىي بۆلگۈنچىلىك ۋە قانۇنسىز دىنىي ھەرىكەتلەرگە قارشى تۇرۇش - تۇرماسلىق. ئۈچىنچى، خىزمەتتىكى مەسئۇلىيەتچانلىق ۋە ئاكتىپلىق، ياخشى روھىي ھالەتنى ساقلاش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى پۇختا تۇتۇش مەسىلىسى. تۆتىنچى، دېموكراتىيە - مەركەزلەشتۈرۈش مەسىلىسى. پارتىيىنىڭ دېموكراتىيە - مەركەزلەشتۈرۈش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش - تۇرماسلىق، چوڭ مەسىلىلەرنى كوللېكتىپ مۇزاكىرە قىلىش، دېموكراتىك ئاساستا تەدبىر بەلگىلەشتە چىڭ تۇرۇش - تۇرماسلىق؛ ئۆزىنى پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ ئۈستىگە قويۇۋېلىش، ئۆز بېشىمچىلىق قىلىش، ئۆز مەيلىچە ئىش قىلىش، ئىتتىپاقلاشماسلىق، ماسلاشماسلىق، گۇرۇھۋازلىق قىلىش، كىچىك كوللېكتىپ بولۇۋېلىش مەسىلىسىنىڭ بار - يوقلۇقى. بەشىنچى، ئاممىۋى قاراش مەسىلىسى. جان - دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتىن ئىبارەت ئاساسىي مەقسەت قارىشىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، خەلق بەرگەن ھوقۇقنى توغرا مۇئامىلە قىلىش - قىلماسلىق ۋە ئۇنى توغرا ئىشلىتىش - ئىشلەتمەسلىك مەسىلىسى؛ ئاممىدىن ئايرىلىپ قېلىش، ئاممىنىڭ دەردىگە دەرمان بولالماسلىق، خىزمەتنى ئاددىي ئىشلەش، قوپاللىق قىلىش، بۇيرۇقۋازلىق قىلىش، ئاممىنىڭ مەنپەئەتىگە ئېغىر زىيان يەتكۈزۈش مەسىلىسىنىڭ بار - يوقلۇقى. ئالتىنچى، پاك - دىيانەتلىك بولۇش مەسىلىسى. مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ پاك - دىيانەتلىك بولۇش توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلىرىگە قاتتىق رىئايە قىلىش - قىلالماسلىق، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇپ، پاكلىقنى تەشەببۇس قىلىشتا چىڭ تۇرۇش - تۇرماسلىق، پاك - دىيانەتلىك بولۇش - بولالماسلىق. پارتگۇرۇپپىمىز ۋە ئۇنىڭ ئەزالىرى، ئورگىنىمىزدىكى باشقارما دەرىجىلىكتىن يۇقىرى رەھبىرىي كادىرلار شۇجى ۋاڭ لېچۈەن ئوتتۇرىغا قويغان بۇ مەسىلىلەر بىزدە بارمۇ - يوق، ئەستايىدىل سېلىشتۇرۇپ كۆرسەك، قانچىلىك مەسىلە بولسا، شۇنى ھەل قىلساق. خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرگەندە، مېنىڭچە مۇھىمى سىياسىي ئىنتىزام ۋە دېموكراتىيە - مەركەزلەشتۈرۈش پرىنسىپى مەسىلىسى، يەنى پارتىيىنىڭ مەركىزىي خىزمىتىگە ئاڭلىق بويسۇنۇش ۋە ئۇنىڭغا خىزمەت قىلىش مەسىلىسى، پارتىيىنىڭ تەشەببۇسىنى قانۇنىي تەرتىپ ئارقىلىق دۆلەت ئىرادىسىگە ئايلاندۇرۇش مەسىلىسى، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرى ۋە دۆلەتنىڭ قانۇن - نىزاملىرىنىڭ ئۆز مەمۇرىي رايونىمىزدا ئۈنۈملۈك ئىجرا قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش مەسىلىسى، سايلام ئۆتكۈزۈشتە ۋە كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش - ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇشتا قانۇن بويىچە ئىش قىلىش بىلەن پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىشنى زىچ بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇش مەسىلىسىنى ياخشى ھەل قىلىشتىن ئىبارەت. «ئۈچنى تەكىتلەش» تەربىيىسىنىڭ ياخشى ئېلىپ بېرىلغان - بېرىلمىگەنلىكىنى مەسىلىنى ياخشى ھەل قىلىش - قىلماسلىق بىلەن ئۆلچەش كېرەك.

(3) پارتىيە ئىچىدىكى دېموكراتىيىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئاممىۋى لۇشيەدە چىڭ تۇرۇش كېرەك. بۇ «ئۈچنى تەكىتلەش» تەربىيىسىدە ئەمەلىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىشتىكى ئاساسىي ئۇسۇل. رەھبەرلىك بەنزىلىرى ۋە رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئىدىيە ۋە خىزمەت ئەھۋالى ئاممىغا ئايان. ئامما كۈچىمىزنىڭ مەنبەسى، ئاممىغا تايانغاندىلا، خىزمەتنى ئوبدان ئىشلىيەلەيمىز. «ئۈچنى تەكىتلەش» تەربىيىسىنى قانات يايدۇرۇشمۇ شۇنداق، ئىشىكنى تاقىۋېلىپ، ئاممىنى چەتتە قويساق، «ئۈچنى تەكىتلەش» تەربىيىسىدە كۆزلىگەن مەقسەتكە يېتەلمەيمىز، ساقلانغان مەسىلىلەرنىمۇ ئوبدان ھەل قىلالمايمىز. شۇڭا، پارتىيىۋىلىكنى تەھلىل قىلىش، ئۆزىنى تەكشۈرۈش، ئۆزىدىكىنى تۈزىتىش بىلەن دېموكراتىك باھالاشنى ئوبدان بىرلەشتۈرۈش، كادىرلار ۋە ئاممىغا قەتئىي ئىشىنىپ ۋە تايىنىپ، «ئۈچنى تەكىتلەش» تەربىيىسىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش لازىم. كادىرلار ۋە ئاممىدىن ئەتراپلىق پىكىر ئېلىپ، ئۆزىنى ئاڭلىق ھالدا كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ نازارىتى ئاستىغا قويۇپ، مەسىلىلەرنى ئاممىغا تايىنىپ تېپىپ، باھالاشنى ياخشى ئېلىپ بېرىپ، تەرتىپكە سېلىش ئىشىنى ياخشى قىلىش لازىم. پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ

باھالاشتا ئوتتۇرىغا قويغان پىكىرلىرىنى رەھبەرلىك بەنزە-
لىرى ۋە رەھبىرىي كادىرلارغا ئەينەن يەتكۈزۈش لازىم،
پەردازلاشقا، سىلىقلاشقا بولمايدۇ، بىرنى بىر، ئىككىنى
ئىككى دېيىش كېرەك. ئامما ئوتتۇرىغا قويغان پىكىر راست
بولسا، ئەستايىدىل ئويلىنىش، چوڭقۇر تەھلىل قىلىش
كېرەك. رەھبىرىي كادىرلاردا كەمچىلىك، خاتالىقلىرىنى
كۆرسىتىپ بەرسە خۇشال بولىدىغان، ئاممىنىڭ پىكرىنى
قارشى ئالىدىغان پوزىتسىيە بولۇشى، ھەر قايسى تەرەپلەر-
نىڭ پىكىرلىرىگە قارىتا سۆزلىگۈچىدە ئەيىب يوق، ئاڭلى-
غۇچى ئىبرەت ئالسۇن دەيدىغان، بولسا تۈزىتىدىغان، بول-
مىسا دىققەت قىلىدىغان پوزىتسىيە بولۇشى كېرەك. دەرۋە-
قە، پىكىر بېرىشتىمۇ مەسئۇلىيەتچان بولۇش لازىم، ئاغزى-
غا كەلگەننى دەۋېرىشكە، ئەرزىمەس ئىشلارغا يېپىشىۋېلىشقا
بولمايدۇ؛ ئىلگىرىكى سىياسىي ھەرىكەتلەردىكىدەك
«سول» چىللىق خاتالىقنى تەكرارلاشقا، چەكسىز پرىن-
سىپقا كۆتۈرۈشكە بولمايدۇ؛ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ باشقى-
لارنىڭ ئەدىپىنى بېرىشكە، باشقىلارغا تۆھمەت چاپلاپ زە-
يانكەشلىك قىلىشقا تېخىمۇ بولمايدۇ. ئاممىنى سەپەرۋەر
قىلىپ، پىكىر ئېلىشتا چوقۇم پارتىيە تۇرمۇشى مىزانى
بويىچە، ئىنتىزام - قانۇن بويىچە ئىش قىلىش، «ئۈچنى
تەكىتلەش» تەربىيىسىنىڭ رەھبەرلىكى بولغان ھالدا تەر-
تىپلىك ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش لازىم.

(4) تەنقىد ۋە ئۆز - ئۆزىنى تەنقىدنى ئەستايىدىل
قانات يايدۇرۇپ، ئاكتىپ، ساغلام ئىدىيىۋى كۈرەش ئېلىپ
بېرىش كېرەك. تەنقىد ۋە ئۆز - ئۆزىنى تەنقىد پارتىيىمىز-
نىڭ ئېسىل ئەنئەنىسى ۋە ئىستىلى، پارتىيىمىزنىڭ ئاكتىپ
ئىدىيىۋى كۈرەشنى توغرا ئېلىپ بېرىشىدىكى كۈچلۈك قو-
رال، ئىستىل تۈزىتىش روھىنىڭ مۇھىم بىر ئىپادىسى،
شۇنداقلا «ئۈچنى تەكىتلەش» تەربىيىسىدە رەسمىيەتچىلىك
قىلماي، ئەمەلىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىشتىكى مۇھىم ھالقا.
شۇنى كۆرۈش كېرەككى، ئۇرگىنىمىزدىكى بەزى رەھبەر-
لىك بەنزىلىرى ئىناق ئەمەس، ئۆزئارا ئۆگەنمەيدۇ، ياردەم
بەرمەيدۇ، بىر - بىرىنى ئەپۇ قىلمايدۇ، بۇ ئاساسلىقى
تەنقىد ۋە ئۆز - ئۆزىنى تەنقىدتىن ئىبارەت كۈچلۈك قورالنى
تاشلىۋەتكەنلىكتىن بولغان. «ئۈچنى تەكىتلەش» تەربىيە-
سىدە پارتىيىلىك رەھبىرىي كادىرلار ماۋزېدۇڭ، دېڭ
شياۋپىڭ ۋە جياڭ زېمىننىڭ ئالاقىدار بايانلىرىنى ئىخلاس
بىلەن ئۆگىنىپ، تەنقىد ۋە ئۆز - ئۆزىنى تەنقىدنى قانات
يايدۇرۇشنىڭ پرىنسىپ ۋە ئۇسۇللىرىنى ئىگىلەپ، شەخ-
سىيەتچىلىك، ياخشىچاقلىق ۋە لىبېرالىزمنى تۈگىتىپ،
پارتىيىۋىلىكتە، پرىنسىپتا، ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇشى،

چۆپقەتچىلىك قىلماي، يۈز - خاتىرە قىلماي، شەخسىي
ھېسسىياتقا بېرىلمەي، تەنقىد ۋە ئۆز - ئۆزىنى تەنقىدتىن
ئىبارەت كۈچلۈك قورالنى ئاكتىپلىق ھالدا قولىغا ئېلىپ،
بارلىق خاتا نەرسىلەرگە قارشى باتۇرلۇق بىلەن كۈرەش
قىلىشى لازىم. رەھبەرلىك بەنزىلىرى ھۆججەت ئۆگىنىش،
تونۇشنى ئۆستۈرۈش، مەسىلىلەرنى توغرا تېپىش، تولۇق
تەييارلىق كۆرۈش ئاساسىدا، بىر نەچچە كۈن ۋاقىت ئاجرى-
تىپ، ئىدىيە ۋە قاراشنى ئالماشتۇرۇپ، ئەستايىدىللىق،
مەسئۇلىيەتچانلىق ۋە راستچىللىق بىلەن تەنقىد ۋە ئۆز -
ئۆزىنى تەنقىد قورالىنى ئاكتىپلىق ھالدا قولىغا ئېلىپ، ئۆزى-
نى ئوپېراتسىيە قىلىپ كۆرۈشكە جۈرئەت قىلىش - قىلال-
ماسلىق رەھبىرىي كادىرلارنىڭ پارتىيىۋىلىكى ئۈچۈن قات-
تىق سىناق. تەنقىد ۋە ئۆز - ئۆزىنى تەنقىد قىلىشتا پارتىيە
ۋە خەلق ئالدىدا يۈكسەك جاۋابكار بولۇش پوزىتسىيىسى
بولۇشى كېرەك، بىپەرۋالىق قىلىشقا بولمايدۇ؛ سىياسىيغا
ئەھمىيەت بېرىش، ئۇششاق - چۈششەك ئىشلارغا يېپىشى-
ۋالماسلىق؛ ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، خاتالىقنى
يوشۇرماسلىق؛ مەسىلىلەرنى ھەقىقىي ھەل قىلىش، رەس-
مىيەتچىلىك قىلماسلىق كېرەك. رەھبىرىي يولداشلار تەش-
كىلگە، يولداشلارغا، ئاممىنىڭ تەنقىدىگە توغرا مۇئامىلە
قىلىشى كېرەك.

(5) بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇپ، «ئۈچنى تەكىت-
لەش» تەربىيىسى بىلەن كۈندىلىك خىزمەتلەرنى ياخشى
بىرلەشتۈرۈش كېرەك. «ئۈچنى تەكىتلەش» تەربىيىسىدە،
كۈچ ۋە ۋاقىتنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۆگىنىش،
تەربىيە ۋە مەسىلىنى ھەل قىلىش بىلەن خەلق قۇرۇلتىيى
خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنى ئوبدان بىرلەشتۈرۈپ، بىرى-
نى دەپ بىرىنى تاشلاپ قويۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك.
«ئۈچنى تەكىتلەش» تەربىيىسىنىمۇ چوڭقۇر قانات يايدۇ-
رۇش، دائىمىي كومىتېتنىڭ يىللىق خىزمەت پىلانىنىمۇ
ياخشى ئورۇنداش ئارقىلىق، بىر - بىرىنى ئىلگىرى سۈ-
رۈپ، تېخىمۇ ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلىش كېرەك.

**3. رەھبەرلىكنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، «ئۈچنى تەكىتلەش» تەربىيىسىنىڭ ساغلام، تەرتىپلىك ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش لازىم.**

بۇ قېتىمقى «ئۈچنى تەكىتلەش» تەربىيىسىدە تەلەپ
يۇقىرى، ۋەزىپە ئېغىر، قىيىنچىلىق زور. رەھبەرلىك
كۈچلۈك بولمىسا ئۈنۈم ھاسىل قىلغىلى بولمايدۇ. بىز
چوقۇم مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈ-
رۈپ، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ، رەھبەرلىكنى كۈچەي-
تىپ، ئىدىيە جەھەتتە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، تەشكى-

لمي جەھەتتە ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرۇپلا قالماستىن، تەد.
بىرنىمۇ كۆچەيتىپ، «ئۈچنى تەكىتلەش» تەربىيىسىنىڭ
ساغلام ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىشىمىز كېرەك.
ئورگاننىڭ «ئۈچنى تەكىتلەش» تەربىيىسىگە بولغان رەھ.
بەرلىكنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، 4 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى
ئاپتونوم رايون بويىچە «ئۈچنى تەكىتلەش» تەربىيىسى سە.
پەرۋەرلىك يىغىنى ئېچىلغاندىن كېيىن پارتگورۇپپىمىز
مەخسۇس يىغىن ئېچىپ، يىغىن روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش.
نىڭ كونكرېت تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. يىغىن
«ئۈچنى تەكىتلەش» تەربىيىسى خىزمىتىگە پارتگورۇپپىمىز
بىۋاسىتە رەھبەرلىك قىلىشنى، رەھبەرلىك گورۇپپىسى
قۇرماسلىقنى قارار قىلدى. لېكىن بۇ خىزمەتنىڭ ئۈنۈم.
لۈك ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، پارتگۇ.
رۇپپىمىز ئورگاندا «ئۈچنى تەكىتلەش» تەربىيىسى ئىشخا.
نىسى قۇرۇشنى قارار قىلدى. رەھبەرلىك بەنزىلىرىنىڭ
ئاساسلىق مەسئۇللىرى مەسئۇلىيەت ئېگىنى ئاشۇرۇپ،
مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ھازىردىن باش.
لاپ نەزەرىيە ئۆگىنىشنى كۈچەيتىپ، «ئۈچنى تەكىتلەش»
تەربىيىسىگە ياخشى تەييارلىق قىلىشى لازىم. «ئۈچنى تە.
كىتلەش» تەربىيىسى ئىشخانىسىدىكى يولداشلار پارتگورۇپ.
پىمىزنىڭ رەھبەرلىكىدە، تەشكىللەش، ماسلاشتۇرۇش رو.
لىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، پارتگورۇپپىمىزغا ياخشى
ياردەمچى بولۇشى كېرەك. نۆۋەتتە ئاپتونوم رايونلۇق پارت.
كومىنىڭ «ئۈچنى تەكىتلەش» تەربىيىسىنى يولغا قويۇش
لايىھىسىدىكى تەلەپلەرگە قەتئىي ئەمەل قىلىپ ھەمدە ئور.
گىنىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، پارتگورۇپپى.
مىزنىڭ «ئۈچنى تەكىتلەش» تەربىيىسى پىلانىنى تۈزۈپ
چىقىپ، پارتگورۇپپا قاراپ چىقىپ ماقۇللىغاندىن كېيىن
ئەستايىدىل يولغا قويۇش لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، يەنە
ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ «ئۈچنى تەكىتلەش» تەربى.
يىسى ئىشخانىسى بىلەن بولغان ئالاقىنى كۈچەيتىش لازىم.

ئورگاندىكى ياچېيكىلار پارتىيە ئەزالىرى ۋە كادىرلارغا
ئىدىيىۋى سەپەرۋەرلىك خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشى كې.
رەك. ئورگاندىكى بارلىق پارتىيە ئەزالىرىنى ئىدىيىۋى
ئەندىشىنى تۈگىتىپ، بۇ قېتىمقى «ئۈچنى تەكىتلەش» تەر.
بىيە پائالىيىتىگە تولۇپ تاشقان سىياسىي قىزغىنلىق ۋە
پارتىيە، خەلق ئىشلىرىغا يۈكسەك جاۋابكار بولۇش روھى
بىلەن پائال قاتنىشىشقا سەپەرۋەر قىلىش لازىم. دائىمىي
كومىتېتىمىزنىڭ يېقىنقى بىر قانچە يىلدىن بۇيانقى قانۇن
چىقىرىش، قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈرۈش، خىزمەت نازا.
رەتچىلىكى، ئۆز قۇرۇلۇشى، ۋەكىللەرنىڭ رولىنى جارى
قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردىكى خىزمەتلەردە پارتىيە مەركە.
زىي كومىتېتى بىلەن بىردەك بولغان ـ بولمىغانلىقى،
ئورگاندىكى باشقارما دەرىجىلىكتىن يۇقىرى رەھبىرىي كا.
دىرلاردا، بولۇپمۇ پارتگورۇپپىمىز ئەزالىرىدا يولداش خۇ
جىنتاۋ، ۋاڭ لېچۇەن كۆرسەتكەن ئاشۇ بىر قانچە جەھەتتە.
كى مەسىلىلەرنىڭ بار ـ يوقلۇقى ئۈستىدە، كۆپچىلىك
كۆڭۈل ئازادىلىكى بىلەن كەڭ ـ كۇشادە سۆزلەپ پىكىر
بەرسە، ئەستايىدىل، راستچىللىق بىلەن باھالىسا بولىدۇ.
كۆپچىلىكنىڭ پارتگورۇپپىمىزغا پىكىر بېرىشىگە قولاي
بولسۇن ئۈچۈن، «ئۈچنى بەكىتلەش» تەربىيىسى ئىشخانى.
سى رەھبىرىي كادىرلارنىڭ «پارتىيىۋىلىكى ۋە پارتىيە ئىس.
تىلى ھەققىدە پىكىر ئېلىش جەدۋىلى» نى بېسىپ، كۆپچە.
لىككە تارقىتىپ بەرمەكچى. كۆپچىلىك پىكىر ئېلىش جەد.
ۋىلىنى تولدۇرغاندىن كېيىن، ئورگىنىمىزنىڭ «ئۈچنى
تەكىتلەش» تەربىيىسى بويىچە پىكىر ئېلىش ساندۇقىغا تاش.
لىسىمۇ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ «ئۈچنى تەكىت.
لەش» تەربىيىسى ئىشخانىسى ياكى مەركەزنىڭ كۆزەتكۈچە.
لەر گورۇپپىسىغا بىۋاسىتە بەرسىمۇ بولىدۇ. پارتگورۇپپى.
مىز پارتىيە، دۆلەت، خەلق ۋە ئومۇمىيەت ئالدىدا جاۋابكار
بولۇش روھى بىلەن ئۆزىدىكى گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى تىرى.
شىپ ھەل قىلىپ، بەنزىنىڭ ئۇيۇمچانلىقى ۋە جەڭگىۋارلى.
قىنى يەنىمۇ ئاشۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنى قانۇن بويىچە
ئىدارە قىلىش قەدىمىنى تېزلىتىش، ئىسلاھات، ئېچىۋې.
تىش ئىشلىرى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئىلگى.
رى سۈرۈش يولىدا يېڭى، تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇشقا بەل
باغلىدى.

بۇ قېتىمقى «ئۈچنى تەكىتلەش» تەربىيىسى مۇھىم
سىياسىي ۋەزىپە. ئورگىنىمىزدىكى بارلىق پارتىيە ئەزالى.
رى، كادىرلار، بولۇپمۇ پارتگورۇپپىمىز ۋە ئۇنىڭ ئەزالى.
رى شۇنىڭدەك باشقارما دەرىجىلىكتىن يۇقىرى رەھبىرىي
كادىرلار چوقۇم مەركەز ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ
تەلىپى بويىچە، روھنى ئۇرغۇتۇپ، ئىستىلنى ياخشىلاپ،
«ئۈچنى تەكىتلەش» تەربىيىسىگە ئىستىل تۈزىتىش روھى
بىلەن پائال ئاتلىنىپ، ئىدىيە ۋە سىياسىي جەھەتتە روشەن
ئىلگىرىلەپ، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرى
ۋە 15 ـ قۇرۇلتاي روھىنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇلۇشىغا تېخىمۇ
ياخشى كاپالەتلىك قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ خەلق
قۇرۇلتىيى خىزمىتىدە تىرىشىپ يېڭى ۋەزىيەت يارىتايلى!

## شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ‹جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ بېقىۋېلىش قانۇنى› نى ئىجرا قىلىش توغرىسىدىكى قوشۇمچە بەلگىلىمىسى» گە تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدىكى قارارى

**(1999 - يىل 3 - ئاينىڭ 25 - كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 8 - يىغىنىدا ماقۇللاندى)**

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 8 - يىغىنى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ‹جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ بېقىۋېلىش قانۇنى› نى ئىجرا قىلىش توغرىسىدىكى قوشۇمچە بەلگىلىمىسى» گە تۆۋەندىكىدەك تۈزىتىش كىرگۈزۈشنى قارار قىلدى:

1. 1 - ماددا: «بۇ بەلگىلىمە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ بېقىۋېلىش قانۇنى» نىڭ 32 - ماددىسىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ تۈزۈپ چىقىلدى» دەپ ئۆزگەرتىلدى.

2. 2 -، 3 - ماددىسى چىقىرىۋېتىلدى.

3. 5 - ماددا: «يېتىم، مېيىپ بالىلارنى ياكى ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئاپپاراتى بېقىۋاتقان، ئۆز ئاتا - ئانىسى تېپىلمىغان تاشلاندۇق بوۋاق ۋە بالىلارنى بېقىۋېلىش بېقىۋالغۇچىلار پەرزەنتسىز بولۇش، ئىككى بالا بېقىۋېلىش دېگەن چەكلىمىگە ئۇچرىمايدۇ» دەپ ئۆزگەرتىلدى.

ئۇنىڭدىن سىرت، بۇ قارارغا ئاساسەن قىسمەن ماددىلار ئەدەبىي جەھەتتىن تۈزىتىلدى.

بۇ قارار ئېلان قىلىنغان كۈندىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ.

«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ‹جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ بېقىۋېلىش قانۇنى› نى ئىجرا قىلىش توغرىسىدىكى قوشۇمچە بەلگىلىمىسى» مۇشۇ قارارغا ئاساسەن مۇناسىپ تۈزىتىلگەندىن كېيىن، قايتىدىن ئېلان قىلىنىدۇ.

## شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ بېقىۋېلىش قانۇنى» نى ئىجرا قىلىش توغرىسىدىكى قوشۇمچە بەلگىلىمىسى

**1995 - يىل 4 - ئاينىڭ 8 - كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 8- نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 14 - يىغىنىدا ماقۇللانغان**

1999 - يىل 3 - ئاينىڭ 25 - كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 8 - يىغىنىنىڭ «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ‹جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ بېقىۋېلىش قانۇنى› نى ئىجرا قىلىش توغرىسىدىكى قوشۇمچە بەلگىلىمىسىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدىكى قارارى» غا ئاساسەن تۈزىتىلدى.

**1 - ماددا** بۇ بەلگىلىمە «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ بېقىۋېلىش قانۇنى» نىڭ 32 - ماددىسىدىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ تۈزۈپ چىقىلدى.

**2 - ماددا** ئاز سانلىق مىللەت بېقىۋالغۇچىلىرى ئىككى بالا بېقىۋالسا بولىدۇ.

**3 - ماددا** يېتىم، مېيىپ بالىلارنى ياكى ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئاپپاراتى بېقىۋاتقان، ئۆز ئاتا - ئانىسى تېپىلمىغان تاشلاندۇق بوۋاق ۋە بالىلارنى بېقىۋېلىش بېقىۋالغۇچىلار پەرزەنتسىز بولۇش، ئىككى بالا بېقىۋېلىش دېگەن چەكلىمىگە ئۇچرىمايدۇ.

**4 - ماددا** بۇ بەلگىلىمە نوپۇسى شىنجاڭدا بولغان ئاز سانلىق مىللەت بېقىۋالغۇچىلىرىنىڭ بالا بېقىۋېلىشىغا ۋە ئەر - خوتۇندىن بىرىنىڭ نوپۇسى شىنجاڭدا بولغان ئاز سانلىق مىللەت بېقىۋالغۇچىلىرىنىڭ بىرلىكتە بالا بېقىۋېلىشىغا تەتبىقلىنىدۇ.

**5 - ماددا** بۇ بەلگىلىمە ئېلان قىلىنغان كۈندىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ.

يەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تەركىبىدىكى خادىملار ئۈچۈن ئوقۇشلۇق

(بېشى ئۆتكەن سانلاردا)

## خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ سالاھىيىتى ۋە ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى توغرىسىدا
(1)

**بىرىنچى، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنى تەركىبىدىكى خادىملاردۇر، دېگەننى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟**

ۋەكىللەر قانۇنىنىڭ 2 - ماددىسىدا، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىرى دۆلەتنىڭ ئالىي ھاكىمىيەت ئورگىنى تەركىبىدىكى خادىملاردۇر، يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ۋەكىللىرى يەرلىك ھەر دەرىجىلىك دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنى تەركىبىدىكى خادىملاردۇر؛ مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋە يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ۋەكىللىرى خەلقنىڭ مەنپەئەتى ۋە ئىرادىسىگە ۋەكىللىك قىلىپ، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلار شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا بەرگەن تۈرلۈك خىزمەت ھوقۇقىغا ئاساسەن دۆلەت ھاكىمىيىتىنى يۈرگۈزۈشكە قاتنىشىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن.

دۆلىتىمىز ئىشچىلار سىنىپى رەھبەرلىك قىلىدىغان، ئىشچى - دېھقانلار ئىتتىپاقىنى ئاساس قىلغان خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىلىقىدىكى سوتسىيالىستىك دۆلەت، بۇ خىل خاراكتېر پەقەت خەلقنىڭلا دۆلەت ۋە جەمئىيەتنىڭ خوجايىنى ئىكەنلىكىنى بەلگىلىگەن. بارلىق ھاكىمىيەتنىڭ خەلققە مەنسۇپ بولۇشى دۆلىتىمىزنىڭ دۆلەت تۈزۈمىنىڭ يادرولۇق مەزمۇنى ۋە تۈپ مىزانى. ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، دۆلەت ھاكىمىيىتىنى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىدىن تەركىب تاپقان ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى يۈرگۈزىدۇ، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى خەلقنىڭ دېموكراتىك سايلىمى ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كېلىدىغان، دۆلەتنىڭ ھاكىمىيەت ئورگانلىرىغا ئەۋەتىلىپ خەلققە ۋاكالىتەن دۆلەت ھاكىمىيىتىنى يۈرگۈزۈشكە قاتنىشىدىغان شەرەپلىك ئەلچىلەردۇر. خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى «دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنى تەركىبىدىكى خادىملاردۇر»، بۇ خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ قانۇنلۇق ئورنى ۋە مەسئۇلىيىتىنىڭ قانۇنلار تەرىپ-

دىن ئېتىراپ قىلىنىشى بولۇپ، بىر تەرەپتىن، ئۇ خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ خەلققە ۋاكالەتەن دۆلەتنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشكە قاتنىشىشتىن ئىبارەت مۇھىم ۋەزىپىنى زىممىسىگە ئالغانلىقىنى، ھەر بىر ۋەكىلنىڭ خەلقنىڭ مۇھىم تاپشۇرۇقىنى يەردە قويماي، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى كۈچەيتىپ، ۋەكىللىك بۇرچى ۋە ھوقۇقىنى ئەستايىدىل يۈرگۈزۈپ، ئۆزىنىڭ ۋەكىللىك رولىنى جارى قىلدۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇ بارلىق تەشكىلات ۋە شەخسلەرنىڭ ۋەكىللەرنىڭ ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىشى لازىملىقىنى، ۋەكىللەرنىڭ ۋەكىللىك ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە ئىجرا قىلىشنى قوللاشنى تەلەپ قىلىدۇ.

«خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنى تەركىبىدىكى خادىملاردۇر» دېگەننىڭ مەنىسىنى يەنىمۇ چۈشىنىۋېلىش ئۈچۈن، مۇنداق تۆت تۈرلۈك پىكىرنى ۋەكىللەرنىڭ پايدىلىنىشىغا سۇنىمىز:

1. ھەر دەرىجىلىك دۆلەت ھاكىمىيىتى ئورگانلىرى شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىدىن تەركىب تاپىدۇ. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنى تەشكىل قىلىدۇ؛ ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيىنى تەشكىل قىلىدۇ؛ ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنى تەشكىل قىلىدۇ؛ يېزىلىق، مىللىي يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى يېزىلىق، مىللىي يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيىنى تەشكىل قىلىدۇ، ۋاھاكازالار. ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردا شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىغا بېرىلگەن تۈرلۈك خىزمەت ھوقۇقلىرىغا ئاساسەن، ۋەكىللىك ۋەزىپىسىنى قانۇن بويىچە ئىجرا قىلىشى لازىم.

2. ۋەكىللەر پۈتكۈل خەلقنىڭ مەنپەئىتى ۋە ئىرادىسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. خەلق ۋەكىللىرى ھەر قايسى سايلام رايونلىرىدىكى سايلىغۇچىلارنىڭ ياكى ھەر قايسى سايلام ئورۇنلىرىنىڭ سايلىشى بىلەن بارلىققا كېلىدۇ، ۋەكىللەر ئەسلى سايلام رايونىدىكى سايلىغۇچىلارنىڭ ياكى ئەسلى سايلام ئورۇنلىرىنىڭ پىكىر ۋە تەلەپلىرىنى ئاكتىپلىق بىلەن ئىنكاس قىلىپلا قالماي، تېخىمۇ مۇھىمى ئومۇمىيلىق نۇقتىئىنەزەرىنى تۇرغۇزۇپ، پۈتكۈل خەلقنىڭ مەنپەئىتى ۋە ئىرادىسىگە ۋەكىللىك قىلىپ، دۆلەت ھاكىمىيىتىنى يۈرگۈزۈشكە قاتنىشىشى لازىم، ئومۇمىي مەنپەئەتكە ئېتىبار بەرمەي ئەسلى سايلام رايونى ياكى ئەسلى سايلىغان ئورۇننىڭ مەنپەئىتىگىلا ئەھمىيەت بېرىشكە بولمايدۇ، ئەسلى سايلام رايونى ياكى ئەسلى سايلىغان ئورۇننىڭ مەنپەئىتى بىر پۈتۈن گەۋدە مەنپەئەت بىلەن توقۇنۇشۇپ قالغاندا، ۋەكىللەر ئومۇمىي خەلق مەنپەئىتى مەيدانىدا تۇرۇشى، خەلق ئاممىسىغا چۈشەندۈرۈش ۋە تەشۋىقات خىزمىتىنى ئىشلەپ، خەلقنى بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە ئورتاق مەنپەئەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا تىرىشىپ كۈرەش قىلىشقا سەپەرۋەر قىلىشى لازىم.

ۋەكىللەر يەكدىللىق بىلەن بىرلىكتە كۈچ چىقارغاندىلا، ئاندىن دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، دۆلەتنىڭ ئىشلىرىنى ياخشى باشقۇرغىلى بولىدۇ.

3. دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنى خىزمەت ھوقۇقىنى كوللېكتىپ يۈرگۈزىدۇ، مەسىلىلەرنى كوللېكتىپ قارار قىلىدۇ، ھەر بىر ۋەكىلنىڭ بىر ئاۋاز بېرىش ھوقۇقى بولىدۇ. بۇ ئاساسىي قانۇندا بەلگىلەنگەن دېموكراتىيە - مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى پرىنسىپى. خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ دۆلەت ھاكىمىيىتىنى يۈرگۈزۈشىدىكى ئاساسىي شەكلى خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنلىرىنى ئېچىش، ۋەكىللەر يىغىندا يىغىن قارالمىسىغا كىرگۈزۈلگەن تەكلىپنامىلەر ئۈستىدە پىكىر قىلىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ پىكىر، تەلەپلىرىنى تولۇق ئىنكاس قىلىپ، ئاكتىپلىق بىلەن تۈرلۈك پىكىر ۋە تەكلىپلەرنى بەرسە بولىدۇ. قۇرۇلتاينىڭ قارار ۋە بېكىتمىلەر ماقۇللىنىشى ۋە چىقىرىشى كۆپ سانلىق ۋەكىللەرنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن بولىدۇ. ئالايلۇق قانۇندا: «قۇرۇلتاينىڭ ئومۇمىي يىغىنى تەكلىپنامىگە ئاۋاز بەرگەندە، بارلىق ۋەكىللەرنىڭ تەڭدىن تولىسىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ماقۇللىنىدۇ»، «يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى سايلام ئۆتكۈزگەن ۋە قارار ماقۇللىغاندا، بارلىق ۋەكىللەرنىڭ تەڭدىن تولىسىنىڭ ماقۇللۇقىدىن ئۆتكۈزىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. قۇرۇلتاي يېپىق مەزگىلدە ۋەكىللەر ۋەكىللىك ۋەزىپىسىنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈپ،

كۆزدىن كەچۈرۈش، قانۇنلارنىڭ ئىجراسىنى تەكشۈرۈش، باھالاش قاتارلىق پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارغاندا، ۋەكىللەر مەسىلىلەرنى شەخسەن بىۋاستە بىر ياقلىق قىلمايدۇ. بۇنى خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ خاراكتېرى ۋە ۋەكىللەرنىڭ ئورنى بەلگىلىگەن بولۇپ، بۇ ئادەتتە ھوقۇقنى كوللېكتىپ يۈرگۈزىدۇ، شەخسىي يۈرگۈزمەيدۇ، دېگەندىن ئىبارەت.

4. خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنىنىڭ ئىناۋىتىنى تىرىشىپ قوغدىشى، ۋەكىللىك ھوقۇقىنى قانۇن بويىچە ئەستايىدىل يۈرگۈزۈشى كېرەك. خەلق ۋەكىللىرىنىڭ ۋەكىللىك بۇرچىنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈشى ۋە دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگانلىرىنىڭ نورمال خىزمەت ئىشلىشىگە كاپالەتلىك قىلىش، دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنىنىڭ ئىناۋىتىنى قوغداش يۈزىسىدىن قانۇنلاردا ۋەكىللەرنىڭ ۋەزىپە ئىجرا قىلىشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ۋە ئۇلارنىڭ جىسمانىي ئەركىنلىكىنى قوغداش توغرىسىدا تەپسىلىي بەلگىلىمە چىقىرىلغان. مەسىلەن، ۋەكىللەرنىڭ خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ تۈرلۈك يىغىنلىرىدا قىلغان سۆزى ۋە بەرگەن ئاۋازلىرى قانۇندا سۈرۈشتۈرۈلمەيدۇ؛ ۋەكىللەر شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ياكى خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئىجازىتىسىز قولغا ئېلىنمايدۇ ياكى جىنايى ئىشلار سوتىغا تارتىلمايدۇ؛ ۋەكىللەرنىڭ شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ياكى دائىمىي كومىتېت ئورۇنلاشتۇرغان پائالىيەتلەرگە قاتنىشىشىنى ۋەكىل تۇرۇشلۇق ئورۇن ۋاقىت جەھەتتىن كاپالەتلەندۈرىدۇ ھەم ئۇنىڭغا نورمال ئىشقا چىققانلار قاتارىدا مۇئامىلە قىلىپ، شۇ ئورۇننىڭ مائاش ۋە باشقا تەمىناتلىرىدىن بەھرىمەن قىلىدۇ، ۋەھاكازالار. ۋەكىللەر خەلق بەرگەن ھوقۇقنى ئىنتايىن قەدىرلىشى، شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىگە ئاكتىپ قاتنىشىشى، شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردا بېرىلگەن خىزمەت ھوقۇقىنى ئۈنۈملۈك يۈرگۈزۈشى ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى كېرەك. يەنە بىر تەرەپتىن، خەلق ۋەكىلى ئاددىي پۇقرا سۈپىتىدە ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارغا نەمۇنىلىك بىلەن رىئايە قىلىشى لازىم. مەن خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى دەپ، ئادەتتىكى پۇقرالاردىن ئالاھىدە بولۇۋالسا بولمايدۇ. يولداش جياڭ زېمىن مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى شۇ دەرىجىلىك دۆلەت ھاكىمىيىتى ئورگىنىنى تەشكىل قىلغۇچى خادىملاردۇر. ئۇلار خەلققە ۋاكالىتەن دۆلەتنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدۇ. ھەر بىر ۋەكىلنىڭ ئۆز زىممىسىدىكى ئېغىر يۈكنى تونۇپ، خەلق ئىگىلىكى ۋە باشقا تۈرلۈك ئىشلارنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنى جارى قىلدۇرۇپ، تېگىشلىك تۆھپە قوشۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

**ئىككىنچى، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى قانۇن بويىچە قانداق سايلاپ چىقىلىدۇ؟**

ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى قانۇندا بەلگىلەنگەن تەرتىپلەر بويىچە دېموكراتىك سايلام ئارقىلىق بارلىققا كەلتۈرۈلىدۇ. ۋەكىللەرنىڭ بارلىققا كېلىش جەريانىنى چۈشىنىپ، ۋەكىللىك ئېڭىنى كۈچەيتىش، ۋەكىللەر خىزمىتىنى تىرىشىپ ياخشى ئىشلەش تولىمۇ زۆرۈر. قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى تۆۋەندىكى تەرتىپلەر بويىچە سايلاپ چىقىلىدۇ.

1. خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى سايلاشنىڭ مۇنداق ئىككى خىل شەكلى بار: بىرى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى، ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق، بىۋاستە قاراشلىق شەھەرلىك، رايون بار شەھەرلىك، ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى بىر دەرىجە تۆۋەن خەلق قۇرۇلتىيىدا سايلاپ چىقىلىدۇ. بۇ ئادەتتە ۋاستىلىك سايلام دېيىلىدۇ؛ يەنە بىرى، رايونسىز شەھەرلىك، شەھەرگە قاراشلىق رايونلۇق، ناھىيىلىك، ئاپتونوم ناھىيىلىك، يېزىلىق، مىللىي يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى سايلىغۇچىلار بىۋاستە سايلايدۇ، بۇ ئادەتتە بىۋاستە سايلام دېيىلىدۇ. ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى يۇقىرىقى ئىككى خىل ئۇسۇلدا سايلاشنى ئېلىمىزنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى بەلگىلىگەن، ئېلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە دېموكراتىك سىياسىي قۇرۇلۇشىنىڭ كۈچەيتىلىشىگە ئەگىشىپ، سايلامنىڭ دېموكراتىك سەۋىيىسىمۇ تەدرىجىي ئۆسۈپ بارىدۇ. تەرەققىيات يۈزلىنىشىدىن ئېيتقاندا، بىۋاستە سايلامنىڭ دائىرىسى پەيدىنپەي كېڭىيىپ، ۋاستىلىك سايلامنىڭ دائىرىسى پەيدىنپەي تارىيىپ بارىدۇ.

2. ۋەكىللەرنىڭ سانى شەھەر، يېزىلارنىڭ ئاھالە نىسبىتىگە ئاساسەن تەقسىم قىلىنىدۇ. قانۇندا ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ سانى توغرۇلۇق كونكرېت بەلگىلىمىلەر چىقىرىلغان. مەسىلەن، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ سانى 3000 دىن ئاشمايدۇ. يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ ئومۇمىي سانى ۋەكىللەر تۈپ سانىغا ئاساسەن نوپۇس بويىچە كۆپەيگەن ۋەكىل سانىنى قوشۇش ئارقىلىق بېكىتىلىدۇ. سايلام قانۇنىدا ئۆلكە دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ سانىنى 1000 دىن ئاشۇرۇۋېتىلمەيدۇ؛ رايون بار شەھەرلىك، ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى سانى 650 تىن، ناھىيە دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى سانى 450 تىن ئاشمايدۇ؛ يېزىلىق، مىللىي يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ سانى ئادەتتە 100 دىن ئاشمايدۇ، نوپۇسى 130 مىڭدىن ئاشىدىغان بازاردا 130 دىن ئاشمايدۇ؛ نوپۇسى 2000 غا يەتمەيدىغان يېزا، مىللىي يېزا، بازاردا ۋەكىللەر سانى 40 تىن ئاز بولسا بولىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. ھەمدە مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى سانىنىڭ ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، ئاپتونوم ئوبلاست، ناھىيە، ئاپتونوم ناھىيىلەرگە تەقسىملىنىشتە، يېزىلاردىكى ھەر بىر ۋەكىل ۋەكىللىك قىلىدىغان نوپۇس سانى شەھەرلەردىكى ھەر بىر ۋەكىل ۋەكىللىك قىلىدىغان نوپۇس سانىنىڭ تۆت ھەسسىسى بويىچە بولىدىغانلىقى بەلگىلەنگەن. مەسىلەن، 9 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ سانى يېزىلاردا ھەر 880 مىڭ نوپۇستىن بىر ۋەكىل سايلاش، شەھەرلەردە ھەر 220 مىڭ نوپۇستىن بىر ۋەكىل سايلاش پرىنسىپى بويىچە تەقسىم قىلىنغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە بىۋاستە قاراشلىق شەھەر، شەھەرگە قاراشلىق رايونلاردىكى يېزىلاردا ھەر بىر ۋەكىل ۋەكىللىك قىلىدىغان نوپۇس سانى شەھەر رايونلىرىدىكى ھەر بىر ۋەكىل ۋەكىللىك قىلىدىغان نوپۇس ساندىن كۆپ بولىدىغانلىقى بەلگىلەنگەن. شەھەر، يېزىلاردىكى نوپۇسنىڭ نىسبىتىگە قاراپ ۋەكىل سانى تەقسىم قىلىشتا، دۆلىتىمىزنىڭ ئىشچىلار سىنىپى رەھبەرلىك قىلىدىغان، ئىشچى- دېھقانلار ئىتتىپاقىنى ئاساس قىلغان خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىلىقىدىكى دۆلەت ئىكەنلىكىدەك خاراكتېر گەۋدىلەندۈرۈلگەن. ۋەكىللەرنىڭ سان تەقسىماتىدىن قارىغاندا، ھەر بىر ۋەكىل نەچچە مىڭ، نەچچە ئون مىڭ، ھەتتا نەچچە يۈز مىڭ نوپۇسقا ۋەكىللىك قىلغاچقا، ئۇنىڭ مەسئۇلىيىتى ئىنتايىن زور بولىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىدا مۇۋاپىق ساندا ۋەكىلى بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، قانۇندا يەنە ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلاردا ھەر بىر ۋەكىل ۋەكىللىك قىلىدىغان نوپۇس سانى توغرىسىدا كونكرېت بەلگىلىمە چىقىرىلغان، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، تارقاق ئولتۇراقلاشقان ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە نوپۇسى بەك ئاز بولغان مىللەتلەرنىڭ ۋەكىلىنى سايلاش مەسىلىسىدىمۇ ئېنىق بەلگىلىمە چىقىرىلىپ، قانۇندا ئاھالىسى بەك ئاز مىللەتلەرنىڭ ئاز دېگەندە بىردىن ۋەكىلى بولۇشى كېرەك، دەپ بەلگىلەنگەن.

خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى ۋە قوراللىق ساقچى قىسىمنىڭ ۋەكىللەر سانى نوپۇس سانى بويىچە تەقسىم قىلىنماي، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ۋە يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ.

3. خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى سايلىغۇچى ئورۇن ياكى سايلام رايونلىرى بويىچە سايلىنىدۇ. قانۇندىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى (ناھىيە دەرىجىلىكنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ) ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى سايلىغۇچى ئورۇنلار بويىچە سايلاپ چىقىلىدۇ. مەسىلەن، ئۆلكىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ئۆلكىگە قاراشلىق رايون بار شەھەرلىك، ئاپتونوم ئوبلاستلىق، رايونسىز شەھەرلىك، ناھىيىلىك، ئاپتونوم ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىدا سايلاپ چىقىلىدۇ، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق، بىۋاستە قاراشلىق شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىدا ۋە شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونى، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىدىن سايلاپ چىقىلىدۇ. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ تەيۋەن ئۆلكىسىلىك ۋەكىللىرىنى، ھەر قايسى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاستە قاراشلىق شەھەرلەر ۋە خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىدىكى تەيۋەن ئۆلكىسى تەۋەلىكىدىكى قېرىنداشلار بېيجىڭغا ۋەكىل ئەۋەتىپ

كېڭەيتىپ سايلاپ چىقىدۇ. رايونسىز شەھەرلىك، شەھەرگە قاراشلىق رايونلۇق، ناھىيىلىك، ئاپتونوم ناھىيىلىك، يېزىلىق، مىللىي يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى سايلىغۇچىلارنىڭ ئولتۇراقلىشىش ئەھۋالى ياكى سايلىغۇچىلار بار ئىشلەپچىقىرىش ئورنى، خىزمەت ئورۇنلىرى بويىچە بىر قانچە سايلام رايونىغا ئايرىلىپ، سايلىغۇچىلارنىڭ بىۋاسىتە سايلىشى بىلەن سايلاپ چىقىلىدۇ.

4. ۋەكىل نامزاتىنى كۆرسىتىش ئۇسۇلى. قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، ۋەكىل نامزاتى سايلام رايونى ياكى سايلام ئورۇنلىرى بويىچە كۆرسىتىلىدۇ، يەنى بىۋاسىتە سايلام ئۇسۇلى قوللىنىلغاندا، ۋەكىل نامزاتلىرى سايلام رايونى بويىچە كۆرسىتىلىدۇ. ۋاستىلىك سايلام ئۇسۇلى قوللىنىلغاندا، ۋەكىل نامزاتلىرى سايلام ئورۇنلىرى بويىچە كۆرسىتىلىدۇ. بۇنداق قىلىش بىرىنچىدىن، سايلىغۇچىلارغا تونۇشلۇق بولغان نامزاتلارنى ۋەكىللىككە سايلاشقا پايدىلىق، ئىككىنچىدىن، نامزاتلار سايلانغاندىن كېيىن، ئەسلى سايلام رايونىدىكى سايلىغۇچىلار ياكى ئەسلى سايلام ئورۇنلىرى بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتتە بولۇشقا پايدىلىق، شۇنىڭدەك ۋەكىللەرنىڭ ئەسلى سايلام رايونى ياكى ئەسلى سايلام ئورۇنلىرىنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىشىغىمۇ قولايلىق. قانۇندا يەنە ۋەكىل نامزاتىنى كۆرسىتىش ئۇسۇلى توغرىسىدا: «پارتىيىلەر، خەلق تەشكىلاتلىرى ۋەكىل نامزاتلىرىنى بىرلىشىپ ياكى ئۆز ئالدىغا كۆرسەتسە بولىدۇ. سايلىغۇچىلار ياكى ۋەكىللەردىن ئوندىن ئارتۇق ۋەكىل بىرلىشىپ ئىمزا قويۇپ كۆرسەتسىمۇ بولىدۇ» دەپ كونكرېت بەلگىلىمە چىقىرىلغان.

5. پەرقلىق سان سايلىمى ئۆتكۈزۈش. پەرقلىق سان سايلىمى ئېلىمىز سايلام تۈزۈمىدىكى مۇھىم پرىنسىپ. قانۇندا: «سايلىغۇچىلار بىۋاسىتە سايلايدىغان ۋەكىل نامزات سانى سايلىنىشقا تېگىشلىك ۋەكىل ساندىن ئۈچتىن بىر ھەسسىگىچە كۆپ بولىدۇ؛ يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ئۆزىدىن بىر دەرىجە يۇقىرى خەلق قۇرۇلتىيىغا سايلايدىغان ۋەكىل نامزات سانى سايلىنىشقا تېگىشلىك ۋەكىل ساندىن بەشتىن بىر قىسمىدىن ئىككىدىن بىر قىسمىغىچە كۆپ بولىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن.

6. يوشۇرۇن بېلەت تاشلاش ئۇسۇلى. ۋەكىل نامزاتى ئىسمىلىكى بەلگىلەنگەندىن كېيىن، بېلەت تاشلاپ سايلام ئېلىپ بېرىلىدۇ. قانۇندىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، مەيلى بىۋاسىتە سايلام ياكى ۋاستىلىك سايلامدا بولسۇن، بىردەك يوشۇرۇن بېلەت تاشلاش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ. شۇ ئارقىلىق سايلىغۇچىلارنىڭ دېموكراتىك سايلام ھوقۇقىنى ئەركىن يۈرگۈزۈشىگە كاپالەتلىك قىلىنىدۇ. بېلەت تاشلاش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، سايلىغۇچىلار ياكى ۋەكىللەر كۆرسەتكەن بېلەت نازارەتچىسى، بېلەت ھېسابلىغۇچى، سايلام ھەيئىتى ياكى قۇرۇلتاي ھەيئەت رىياسەتچىلىكلەر بېلەت تاشلىغان ئادەم سانىنى تەكشۈرۈپ سېلىشتۇرۇپ، ھېسابلاپ، خاتىرە قالدۇرىدۇ ھەم بۇنىڭغا بېلەت نازارەتچىلىرى ئىمزا قويىدۇ. قانۇندىكى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، سايلىغۇچىلار خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى بىۋاسىتە سايلىغاندا، سايلام رايونىدىكى بارلىق سايلىغۇچىلارنىڭ تەڭدىن تولىسى بېلەت تاشلىسا سايلام ئىناۋەتلىك، ۋەكىل نامزاتى ئېرىشكەن بېلەت سانى سايلىغۇچىلارنىڭ تەڭدىن تولىسىنىڭ قوشۇلۇشىغا ئېرىشسە، سايلانغان بولىدۇ. خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى ۋاستىلىك سايلىغاندا، ۋەكىل نامزاتى بارلىق ۋەكىللەرنىڭ تەڭدىن تولىسىنىڭ قوشۇلۇشىغا ئېرىشسە، سايلانغان بولىدۇ. ئاخىرىدا، سايلام ھەيئىتى ياكى قۇرۇلتاي ھەيئەت رىياسەتى سايلام قانۇنىغا ئاساسلىنىپ، سايلامنىڭ ئىناۋەتلىك بولغان - بولمىغانلىقىنى بېكىتىدۇ ھەمدە ئېلان قىلىدۇ.

7. سايلانغان ۋەكىلنىڭ قانۇنلۇق بولغان - بولمىغانلىقى تەكشۈرۈلۈپ، ۋەكىلنىڭ سالاھىيىتى قانۇن بويىچە ئېتىراپ قىلىنىدۇ. سايلام ئىناۋەتلىك بولسا، سايلانغان ۋەكىلنىڭ سالاھىيىتى كۈچكە ئىگە بولىۋەرمەيدۇ. ئۇنى يەنە شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ۋەكىللەر سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈش ھەيئىتى ياكى يېزىلىق، مىللىي يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللەر سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈش ھەيئىتى تەكشۈرۈپ، ۋەكىللىك سالاھىيىتىنىڭ كۈچكە ئىگە بولغان - بولمىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىش توغرىسىدا دوكلات بېرىدۇ.

شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ياكى يېزىلىق، مىللىي يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا، شۇنىڭدەك ۋەكىللىك سالاھىيىتى ئېتىراپ قىلىنغان ۋەكىللەرنىڭ ئىسىملىكىنى ئېلان قىلىشىغا يوللايدۇ. خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى سايلىمى مۇشۇ جەريانلارنى بېسىپ ئۆتكەندىلا، ئاندىن تاماملىنىدۇ.

(داۋامى بار)

# يېزا ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنىڭ ئىدىيە، ئىستىل قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش كېرەك

△ ئابلىمىت ياسىن △

باش شۇجى جياڭ زېمىن شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈرگەندە قىلغان مۇھىم سۆزىدە ھەر دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ نەزەرىيە ساپاسى ۋە بىلىم سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش لازىم، نەزەرىيە ئۆگىنىشنى يەنە باشقا بىلىملەرنى ئۆگىنىش بىلەن بولۇپمۇ ھازىرقى دۇنيادىكى يېڭى تەرەققىياتنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان تۈرلۈك يېڭى بىلىملەرنى ئۆگىنىش، يولۇققان يېڭى مەسىلە، يېڭى ئەھۋاللارنى تەتقىق قىلىش ۋە ھەل قىلىش بىلەن بىرلەشتۈرۈش لازىم، دەپ كۆرسەتكەن. پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ يېزىلارغا قاراتقان فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئىقتىسادىي كىرىمىنى كۆپەيتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ ھاللىق سەۋىيىگە يۈرۈش قىلىش، يېزىلارنىڭ ئۇزاق مۇددەت مۇقىم بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشتا، يېزىلاردىكى كەڭ ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنىڭ تىرىشچانلىقىغا تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ. مۇتلەق كۆپ ساندىكى يېزا ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنىڭ ئىدىيە، ئىستىل قۇرۇلۇشى ياخشى بولغاچقا، ئۇلار پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئۆز جايىنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، كەڭ خەلق ئاممىسى ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەش روھىغا ئىگە بولغان.

يېقىنقى بىر قانچە يىلدىن بۇيان، دېھقانچىلىق- چارۋىچىلىق رايونلىرىدا ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلارنىڭ قۇرۇلۇشىنى تەرتىپكە سېلىش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، يېزا ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنىڭ ئىدىيە - ئىستىل قۇرۇلۇشى ۋە خىزمەت ئۇسۇلىدا ئىلگىرىلەش بولدى. شۇنىڭ بىلەن تىرىشىپ خىزمەت ئىشلەيدىغان، ھەر ۋاقىت خەلق ئاممىسىنى ئويلايدىغان، خىزمەت ئىستىلى ۋە خىزمەت ئۇسۇلى دۇرۇس بولغان ياخشى كەيپىيات مەيدانغا كەلدى. پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ يېزىلارغا قاراتقان تۈرلۈك فاڭجېن، سىياسەتلىرى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، يېزىلاردىكى تارقاقلاشتۇرۇپ باشقۇرۇش بىلەن مەركەزلەشتۈرۈپ باشقۇرۇش زىچ بىرلەشتۈرۈلگەن قوش قاتلاملىق ئىگىلىك باشقۇرۇش تۈزۈمى تېخىمۇ مۇكەممەللىشىپ، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئىقتىسادىي كىرىمى كۈنسايىن كۆپىيىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش قەدىمى تېزلىتىلدى.

بىراق، بىر قىسىم يېزا ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنىڭ ئىدىيىۋى كۆز قارىشى نۆۋەتتىكى سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشالمايۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئامما ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، ئامما ئۈچۈن ياخشى ئىش قىلىش ئېڭى تۆۋەن. ئۇلاردا تەرەققىيات تەسەۋۋۇرى كەمچىل بولۇپ، ئامما ئۈمىد قىلغان نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشتىكى باشلامچىلارنىڭ ئوبرازى بىلەن تەتۈر پەرق بولۇپ قالغان. خىزمەت ئىستىلى ۋە خىزمەت ئۇسۇلىدا ئاممىدىن ئايرىلىپ قالغان. ئۇلار پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ يېزىلارغا قاراتقان تۈرلۈك سىياسەتلىرىنى ئېنىق چۈشەندۈرمەستىن، زورلۇق - زومبۇلۇق قىلغان. ھەتتا خەلق بەرگەن

هوقۇقتىن قالايمىقان پايدىلىنىپ، خەلق ئاممىسـ
نى بوزەك قىلغان. ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش
جەريانىدا قارىغۇلارچە قوماندانلىق قىلغان، بولۇپـ
مۇ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا قوماندانلىق
قىلغاندا، ئىقتىسادىي قانۇنىيەتكە ھۆرمەت قىلمىـ
غان. نەتىجىدە كەڭ خەلق ئاممىسى يىل بويى جاپا
چېكىپ، تەر تۆكۈپ ئىشلەپ، يىل ئاخىرىدا قۇـ
رۇق قول قايتىش ئەھۋاللىرى يۈز بەرگەن. بەزى
كادىرلار ۋەزىپىگە ئولتۇرۇپلا تۇغقان، دوست -
يارەنلىرىگە يان بېسىپ، جەمئىيەت ياكى كىچىك
گۇرۇھنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلەپ، ئۆزى نەپ ئېـ
لىشقا بېرىلىپ كەتكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇلاردىن
ئاممىنىڭ كۆڭلى سوۋۇپ كەتكەن. بەزىلەرنىڭ
مەدەنىيەت سەۋىيىسى، نەزەرىيە، كەسىپ سەۋىيىـ
سى تۆۋەن بولغاچقا، يىل بويى كەڭ دېھقانلارنى
يىغىپ بىرەر قېتىم يىغىن چاقىرىپ، نۆۋەتتىكى
فاڭجېن، سىياسەتلەرنى چۈشەندۈرۈپ باقمىغان.

باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ «كادىرلار قوشۇـ
نى قۇرۇلۇشىنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىپ، ھەر
دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ ساپاسىنى ئىرىشىپ ئۆسـ
تۈرۈش كېرەك» دېگەن مۇھىم سۆزىنى ھەقىقىي
تۈردە ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن، يېزا ئاساسىي
قاتلام كادىرلىرىنىڭ نەزەرىيە ساپاسى ۋە سەۋىيىـ
سىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش ناھايىتى مۇھىم رېـ
ئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

① يېزا ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنى دېڭ
شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەـ
رىيىسى بىلەن قوراللاندۇرۇش، نەزەرىيە ۋە كەسـ
پىي جەھەتتىن تەربىيىلەشتە، ئۆزلىرى ئۆگىنىش
بىلەن كوللېكتىپ ئۆگىنىش بىرلەشتۈرۈلگەن داـ
ئىملىق ئۆگىنىشنى قانات يايدۇرغاندىن باشقا، پەـ
لانلىق ھالدا تەربىيىلەش، ناھىيە ۋە يېزىلىق پارـ
تىيە مەكتەپلىرى، دېھقانلار پەن - تېخنىكا ئۆگەـ
نىش مەكتەپلىرىنىڭ رولىدىن پايدىلىنىپ، تۇرـ
كۇمگە بۆلۈپ تەربىيىلەش كېرەك. كادىرلار مۇـ
ئەييەن نەزەرىيە بىلەن تەربىيىلەنگەندىلا، سىياسىي
يۆنىلىشنى توغرا ئىگىلىيەلەيدۇ. توغرا سىياسىي
يۆنىلىش پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئاساسىي نەزەرىـ
يىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدىن ئايرىلالمايدۇ. كادىرلارـ
نىڭ نەزەرىيە، كەسپىي سەۋىيىسى ئۆسسە، سىياـ
سىي جەھەتتىكى كۆزىتىش ئىقتىدارى كۈچىيىدۇ.
ئالدىن كۆرەرلىك، ئىجادچانلىق روھى كۈچىيىـ
دۇ. مەسىلە ۋە قىيىنچىلىققا يولۇققاندا بىر قەدەر
سەزگۈر بولۇش ۋە ئەتراپلىق تەھلىل قىلىش،
ھەل قىلىش ئىقتىدارى يېتىلىدۇ. خىزمەتتىكى
قارىغۇلۇق، ئالدىراقسانلىق، قوپاللىقلىرىنى تۈـ
گىتەلەيدۇ. شۇڭا كادىرلار دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭـ
گوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ئۆگەـ
نىش بىلەن بىرگە، مەركەزنىڭ يېزا ئىقتىسادىغا
دائىر فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئۆگىنىشى، سوتـ
سىيالىستىك بازار ئىگىلىكى بىلىملىرى، يېزا ئىـ
گىلىكىدە ئەمەلىي قوللىنىدىغان پەن - تېخنىكا
بىلىملىرىنى ئۆگىنىشى، شۇ ئارقىلىق نەزەرىيە
سەۋىيىسى، كەسپىي سەۋىيىسى ۋە سىياسىي سەۋىـ
يىسىنى ئۆستۈرۈشى، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا
ئىدىيىدە ئازاد بولۇپ، كۆز قاراشنى يېڭىلاپ،
يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا بازار ئىگىلىكى
قانۇنىيىتى ۋە ئىقتىسادىي قانۇن بويىچە قوماندانـ
لىق قىلىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشى كېرەك.

2. پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزـ
مەت قىلىش تەربىيىسىنى كۈچەيتىپ، كىم ئۈچۈن
خىزمەت قىلىش، كىم ئۈچۈن ھوقۇق تۇتۇش،
كىمنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىش مەسىلىسـ
نى تەلتۆكۈس ھەل قىلىش كېرەك. باش شۇجى
جياڭ زېمىن سۆزىدە: «ئاممىدىن ئېلىپ ئاممىغا
قايتۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئامما بىلەن ھوزۇر -
ھالاۋەتتىمۇ، جاپا - مۇشەققەتتىمۇ بىللە بولۇش،
سەممىمىي ساداقەتلىك بىلەن ئاممىنىڭ مەنپەئىتىنى

كۆزلەش، ئۆزئارا ئىشىنىش، ئۆزئارا قوللاپ، ئۆزئارا ياردەملىشىش، ئۆزئارا تولۇقلاپ خىزمەتلەرنى بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە ياخشى ئىشلەش» دەپ كۆرسەتكەن. شۇڭا يېزا ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرغاندا، ئىش بېجىرگەندە، خەلق بىزگە كىيىم - كېچەك، ئاش تاماق بەرگۈچى، بىز خەلقنىڭ چاكىرى، دېگەن ھەقىقەتنى ئەستە چىڭ تۇتۇپ، خوجايىنلىق بىلەن چاكارلىق ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋەتمەسلىكى كېرەك.

دېھقانلار ئۈچۈن ئىشلەپچىقىرىشتىن بۇرۇن، ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا ۋە ئىشلەپچىقىرىشتىن كېيىن مۇلازىمەت قىلىش — يېزا ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنىڭ بىر مۇھىم مەسئۇلىيىتى. كادىرلار بۇ نۇقتىدىن ھەر ۋاقىت چەتنىمەسلىكى، پىلان - تەدبىر تۈزگەندە دېموكراتىك بولۇشى، ئاممىنىڭ مەنپەئىتىنى ئويلىشى، ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىشى، قارىغۇلارچە ئىش قىلىپ ئاممىغا زىيان سالماسلىقى، ئاممىنىڭ كۆتۈرۈش كۈچىگە قاراپ ئىش قىلىشى، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ئۈنۈمنى چىقىش قىلىشى كېرەك. مەسىلىلەرنى ئويلىغاندا، ئىش قىلغاندا، ھەر ۋاقىت خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى ئويلىشى، ئاممىنىڭ ئىرادىسىگە ھۆرمەت قىلىشى، مەسىلىلەرگە دۇچ كەلگەندە ئامما بىلەن مەسلىھەتلىشىشى، ئاممىغا ئىدىيىۋى خىزمەتنى كۆپرەك ئىشلەپ، ھەممە ئىشتا ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىشى، ئۈنۈمنى كۆزلىشى، پەن - تېخنىكا بويىچە دېھقانلارنى تەربىيىلىشى، شەكىلۋازلىق قىلماسلىقى، دېھقانلارغا پاكىت كۆرسىتىپ، قانۇن - تۈزۈم ۋە سىياسەتنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ، بيۇروكراتلىق قىلماسلىقى، خىزمەت ئۇسۇلىدىكى قوپاللىقنى ئۆزگەرتىپ، زىددىيەتنى كەسكىنلەشتۈرۈۋەتمەسلىكى لازىم.

3. تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، تۈزۈم ئارقىلىق قېلىپلاشتۇرۇش، تۈزۈم ئارقىلىق چەكلەش مېخانىزمىنى يېتىلدۈرۈش، كەنت ئىشلىرىنى ئاشكارىلاش، دېموكراتىك باشقۇرۇش، يېزا - كەنت ئەھدىنامىسى قاتارلىق تۈرلۈك قانۇن - تۈزۈملەرنى تۈزۈپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش، ھەممە ئادەم تۈزۈمگە بويسۇنىدىغان كەيپىياتنى يېتىلدۈرۈش، كەنت ئىشلىرىنى دېموكراتىك باشقۇرۇش، ئىلھاملاندۇرۇش، نازارەت قىلىش، ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىنى ئامما دېموكراتىك ئۇسۇلدا كۆرسىتىش، دېموكراتىك باھالاش تۈزۈمىنى تەدرىجىي يولغا قويۇش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇش، كەڭ خەلق ئاممىسىغا ۋەتەنپەرۋەرلىك، كوللېكتىۋىزملىق تەربىيىسىنى كۈچەيتىپ، مەدەنىيەتلىك بەختەر ئائىلە قۇرۇش پائالىيىتىنى ئورتاق قانات يايدۇرۇپ، ئاممىنى سەپەرۋەر قىلىپ، خەلق ئاممىسى ئۆزىنى ئۆزى تەربىيىلەيدىغان، ئۆز - ئۆزىنى باشقۇرىدىغان، ئۆز - ئۆزىنى چەكلەيدىغان مېخانىزمىنى تۇرغۇزۇش لازىم.

(ئاپتور پەيزاۋات ناھىيە ئۆدەكلىك
يېزا خەلق ھۆكۈمىتىدىن)



# قانۇننى ئىجرا قىلىش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، دېلو بېجىرىش سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلايلى

△ تۇنىياز ھوشۇر △

سىياسىي قانۇن ئورۇنلىرىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، دېلو بېجىرىش سۈپىتىنىڭ يۇقىرى بولماسلىقى ئومۇمىيۈزلۈك ساقلىنىۋاتقان مەسىلە. دېلو بېجىرىش جەريانىدا قانۇننى قاتتىق ئىجرا قىلماسلىق، دېلونى قانۇنغا خىلاپ ھالدا بېجىرىش ئەھۋالى بەزى جايلاردا بىر قەدەر ئېغىر بولغاچقا، ئاممىنىڭ ئىنكاسى كۈچلۈك بولماقتا. بۇ ھال دېلو بېجىرىش خىزمىتىنىڭ قانۇن ئۈنۈمى ۋە ئىجتىمائىي ئۈنۈمىگە تەسىر يەتكۈزۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، سىياسىي قانۇن ئورگانلىرىنىڭ ئوبرازىغا نۇقسان يەتكۈزمەكتە.

باش شۇجى جياڭ زېمىن 1996 - يىلى «قانۇننى ئىجرا قىلىش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، خەلق ئۈچۈن قانۇننى قاتتىق ئىجرا قىلىپ، قىزغىنلىق بىلەن مۇلازىمەت قىلىش كېرەك» ① دەپ كۆرسەتكەنىدى. بۇ سىياسىي قانۇن خىزمىتىنىڭ ئەمەلىيىتىنى كۆزدە تۇتۇپ قويۇلغان مۇھىم تەلەپ، شۇنداقلا «دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىپ، قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىنىدىغان سوتسىيالىستىك دۆلەت قۇرۇش» نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدىكى يېڭى ئورۇنلاشتۇرۇش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. قانۇننى ئىجرا قىلىش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش — قانۇننى قاتتىق ئىجرا قىلىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى. دېلو بېجىرىش سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىشتا تۆۋەندىكى مەسىلىلەرگە ئەھمىيەت بېرىش لازىم.

**1. دېلو بېجىرىش سۈپىتى توغرىسىدىكى ئۇقۇمنى ئېنىق، توغرا چۈشىنىش كېرەك**

دېلو بېجىرىش سۈپىتى دېلو بېجىرىش جەريانى ۋە بىر تەرەپ قىلىش نەتىجىسىنىڭ ئۈنۈمى توغرىسىدىكى ئىنكاسىنى كۆرسىتىدۇ.

1) دېلو بېجىرىش سۈپىتى دېلونىڭ ئاخىرقى بىر تەرەپ قىلىنىش نەتىجىسىدە ئىپادىلىنىپلا قالماستىن، بەلكى دېلو بېجىرىش جەريانى يەنى دەۋانىڭ ھەر قايسى ھالقىلىرىدا ۋە ھەر قايسى تەرەپلىرىدە، مەسىلەن، دەسلەپكى تەكشۈرۈش، دېلو ئېچىش، تەھقىقلەش ۋاسىتىلىرىنىڭ قوللىنىلىشى، مەجبۇرلاش تەدبىرلىرىنىڭ تەتبىقلىنىشى ۋە ئۆزگىرىشى، دېلونى بىكار قىلىش، ئەيىبلەش - ئەيىبلىمەسلىك قاتارلىقلاردا ئىپادىلىنىدۇ. بۇ، جەريان بىلەن نەتىجىنىڭ بىرلىكى ۋە ھەر تەرەپلىمە ئىنكاسى ھېسابلىنىدۇ.

2) دېلو بېجىرىش سۈپىتى پاكىت مەسىلىسى بىلەن قانۇن مەسىلىسىنىڭ بىرلىكىدۇر. دېلونىڭ سۈپىتىنى ئۆلچەشتە ھەم پاكىتنىڭ بېكىتىلىشىنىڭ ئېنىق بولغان - بولمىغانلىقىغا قاراش، ھەم قانۇننى تەتبىقلاشنىڭ توغرا بولغان - بولمىغانلىقىغا قاراش كېرەك. دەلىل - ئىسپات ئارقىلىق ئىسپاتلانغان دېلودىكى ئوبيېكتىپ پاكىتنى خالىغانچە كۆپتۈرۈشكە، كىچىكلىتىشكە ۋە ياكى ئاق - قارىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋېتىشكە مۇتلەق يول قويماسلىق كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، دەۋا جەريانىدا ھەر قانداق تەدبىر قوللىنىشتا، ھەر قانداق قارار چىقىرىشتا قانۇننى ئۆلچەم قىلىش شەرت. قانۇن تۇرۇقلۇق ئاساسلانماسلىققا، قانۇننى بۇرمىلاشقا، قانۇندىن ئۆزىنى قاچۇرۇشقا قەتئىي يول قويماسلىق كېرەك.

3) دېلو بېجىرىش سۈپىتى سۇبستانسىيە بىلەن تەرتىپنىڭ بىرلىكىدۇر. دېلو بېجىرىش سۈپىتىنىڭ يۇقىرى بولغان - بولمىغانلىقى، ياخشى بولغان - بولمىغانلىقىنىڭ ئۆلچىمى قانۇن. قانۇن سۇبستانسىيە بىلەن تەرتىپ قانۇنىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ② سۇبستانسىيە قانۇنىغا خىلاپلىق قىلىنغان ياكى تەرتىپ قانۇنىغا خىلاپلىق قىلىنغان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بۇنىڭ ھەر ئىككىلىسى دېلو بېجىرىش سۈپىتىنىڭ يۇقىرى بولمىغانلىقىنىڭ

نەتىجىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

4) دېلو بېجىرىش سۈپىتى دېلو بېجىرىشنىڭ قانۇن ئۈنۈمى بىلەن ئىجتىمائىي ئۈنۈمىنىڭ بىرلىكىدىن ئىبارەت. دېلو بېجىرىشنىڭ قانۇن ئۈنۈمى قانۇن بويىچە تەھقىقلەش، قانۇن بويىچە جىنايەت بېكىتىپ جازا بېرىشنىڭ جىنايەتنى جازالاپ، خەلقنى قوغداش رولىنى ئوينىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئەمما بۇ نۇقتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشلا كۇپايە قىلمايدۇ، يەنە دېلو بېجىرىشنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمىگىمۇ ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. شۇنى ئېتىراپ قىلىش كېرەككى، يولداشلىرىمىز ئىچىدە «دېلو بېجىرىش سۈپىتى دېلو بېجىرىش نەتىجىسىدىن ھاسىل بولغان ئۈنۈمگە قارىتىپ ئېيتىلغان» دەپ قاراپ، دېلو بېجىرىش جەريانىدا ھاسىل بولىدىغان ئۈنۈمگە سەل قارايدىغان بىر تەرەپلىمە تونۇش مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا. بۇ خىل تونۇشتىكىلەر سۇبستانسىيە قانۇنغا ئەھمىيەت بېرىپ، تەرتىپ قانۇنغا سەل قاراپ، «دېلونىڭ ئاخىرقى بىر تەرەپ قىلىنىش نەتىجىسى توغرا بولسىلا تەرتىپكە ئەمەل قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق» دەپ قارىغانلىقتىن، ئەمەلىيەت داۋامىدا تەرتىپ قانۇنىغا خىلاپلىق قىلىدىغان ئەھۋاللار يۈز بېرىۋاتىدۇ (مەسىلەن، گۇۋاھچىلارغا مەجبۇرلاش تەدبىرى قوللىنىش، جىنايەت گۇماندارلىرىنى قىيناپ سوراق قىلىپ ئىقرار قىلدۇرۇش، قاماپ تۇرۇش مۇددىتىنى ئاشۇرۇۋېتىش، تەھقىقلەش، مەجبۇرلاش تەدبىرلىرىنى قانۇنغا خىلاپ ھالدا قوللىنىش ۋاھاكازا).

**2. دېلو بېجىرىش سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىشنىڭ ئەھمىيىتىنى چوڭقۇر چۈشىنىش كېرەك**

دېلو بېجىرىش سۈپىتىنىڭ قانداق بولۇشى، قانۇننى ئىجرا قىلىش سەۋىيىسىنىڭ قانداقلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. قانۇننى ئىجرا قىلىش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، دېلو بېجىرىش سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىش كەم دېگەندە مۇنداق تۆت تۈرلۈك ئەھمىيەتكە ئىگە:

1) دېلو بېجىرىشنىڭ سۈپىتى سىياسىي قانۇن خىزمىتىنىڭ «جېنى» بولۇپ، ئۇنىڭ سىياسىي قانۇن خىزمىتىنىڭ غەلىبە قىلىش - قىلالماسلىقىغا نىسبەتەن مۇناسىۋىتى زور. دېلو سۈپىتىنىڭ يۇقىرى بولۇشىدىكى ئومۇمىي ئۆلچەم، ئومۇمىي تەلەپ دېلونى توغرا بېجىرىش، يەنى جىنايەت پاكىتلىرىنى دەل ۋاقتىدا تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش، قانۇننى توغرا تەتبىقلاش، جىنايەتچىلەرنى جازالاش، ياخشى ئادەملەرگە ئۇۋال قىلماسلىققا كاپالەتلىك قىلىشتىن ئىبارەت.

جىنايى ئىشلار قانۇنىدا جىنايەت پاكىتلىرىنى ئاۋۋال توغرا ئېنىقلاش تەلەپ قىلىنغان. توغرا بولۇش جىنايەتكە زەربە بېرىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى ۋە كاپالىتى. جىنايەت پاكىتلىرى توغرا بولمىسا، جىنايەتكە ئۈنۈملۈك زەربە بەرگىلى بولمايدۇ. دېمەك توغرا بولۇش دېلونىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بېجىرىلگەن - بېجىرىلمىگەنلىكىنى ئۆلچەيدىغان ئۆلچەم. جىنايەت پاكىتلىرىنى توغرا ئېنىقلىغاندىلا توغرا زەربە بەرگىلى بولىدۇ، توغرا زەربە بەرگەندىلا ئاندىن قاتتىق زەربە بەرگىلى بولىدۇ.

2) دېلونىڭ سۈپىتىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش — دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ ۋە ئەدلىيە ئادىللىقىنىڭ تەلىپى.

قانۇننى ئىجرا قىلىش قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىنىدىغان سوتسىيالىستىك دۆلەت قۇرۇپ چىقىشنىڭ مەركىزىي ھالقىسى. ئەدلىيە ئادىللىقى دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ مۇقەررەر تەلىپى ھەم كەڭ خەلق ئاممىسى كۆڭۈل بۆلىدىغان ۋە دىققەت قىلىدىغان نۇقتا. دېمەك، دېلونىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلغاندىلا ئاندىن ئەدلىيە ئادىللىقىدىن، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشتىن ئېغىز ئاچقىلى بولىدۇ.

3) دېلونىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىش پۇقرالارنىڭ جىسمانىي ھوقۇقى، مال - مۈلۈك ھوقۇقى ۋە دېموكراتىيە ھوقۇقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشنىڭ مۇقەررەر تەلىپى. پۇقرالارنىڭ جىسمانىي ھوقۇقى، مال - مۈلۈك ھوقۇقى ۋە دېموكراتىيە ھوقۇقىنىڭ قانۇن بىلەن قوغدىلىدىغانلىقى دۇنيادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەر ۋە خەلقئارا جامائەتچىلىك يۈكسەك كۆڭۈل بۆلىدىغان قىزىق نۇقتا مەسىلىدۇر، شۇنداقلا ئۇ جەمئىيەتنىڭ مەدەنىي باشقۇرۇلغانلىقى ۋە ساغلام تەرەققىي قىلغانلىقىنىڭ بەلگىسى. دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇن، جىنايى ئىشلار قانۇنى، جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنلىرىدا پۇقرالارنىڭ جىسمانىي ھوقۇقى، مال -

مۈلۈك ھوقۇقى ۋە دېموكراتىيە ھوقۇقلىرىنى قانۇن بويىچە قوغداش ئېنىق بەلگىلەنگەن. قانۇندا بەلگىلەنگەنكەن ئۇنىڭ ھەقىقىي قوغدىلىشى - قوغدالماسلىقى ئەدلىيە ئىشلىرىنىڭ مۇھىم تەرىپى ھېسابلىنىدۇ. دېلونى قەتئىي قانۇن بويىچە بېجىرىپ، دەۋاغا قاتناشقۇچىلارنىڭ قانۇنىي ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداپ، ياخشى ئادەمنىڭ بىرىگىمۇ ئۇۋال قىلماسلىقتا كاپالەتلىك قىلغاندىلا، ئاندىن پۇقرالارنىڭ جىسمانىي ھوقۇقى، مال - مۈلۈك ھوقۇقى ۋە دېموكراتىيە ھوقۇقلىرىنى قوغدىغىلى بولىدۇ.

4) دېلونىڭ سۈپىتىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش سىياسىي قانۇن ئورۇنلىرىنىڭ خاراكتېرى ۋە مەسئۇلىيىتىگە قويۇلغان مۇقەررەر تەلەپ. بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا، پۇقرالارنىڭ قانۇن ئېڭىنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، قانۇننىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى ئورنى بارغانسېرى مۇھىم بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن خەلق ئاممىسى ئەدلىيە ئورگانلىرىغا بارغانسېرى دىققەت قىلىدىغان ۋە يۇقىرى تەلەپ قويىدىغان بولىدۇ. شۇڭا ئەدلىيىنىڭ ئادىل، لىللا بولۇش - بولماسلىقى پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغايدىغان ۋە سىياسىي قانۇن ئورگانلىرىنىڭ ئوبرازىغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**3. ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىپ، دېلو بېجىرىش سۈپىتىنى ھەقىقىي ئۆستۈرۈش كېرەك**

دېلو بېجىرىش ئەمەلىيىتى جەريانىدا تەجرىبە - ساۋاقلارنى يەكۈنلەش ئاساسىدا دېلو بېجىرىش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشنىڭ تەدبىرلىرىنى تەتقىق قىلىپ تۇرۇش زۆرۈر. ھازىرقى ئەھۋالدا تۆۋەندىكى بىر قانچە تەدبىرنى قوللىنىش لازىم:

1) سىياسىي قانۇن كادىر - ساقچىلىرىنىڭ كەسپىي بىلىم سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. جىنايى ئىشلار قانۇنى بىلەن جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنىغا زور تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەنلىكتىن، كەڭ كادىر - ساقچىلارنىڭ بۇ ئىككى قانۇننى چوڭقۇر ئۆگىنىشى، چوڭقۇر چۈشىنىشى ۋە توغرا ئىگىلىشىنى چىڭ تۇتۇپ، ئۇلارنى دېلو بېجىرىش ئۇسۇلى ۋە كۆز قاراش جەھەتتە خىزمەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئۇيغۇنلاشالايدىغان، جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ «ئومۇمىي پرىنسىپ»ىدىكى بەلگىلىمىلەرنى ئۆزىنىڭ دېلو بېجىرىشىگە ئۈنۈملۈك يېتەكچى قىلالايدىغان، جىنايەت شەكىللىنىشىنىڭ شەرتلىرى، جىنايەت بىلەن جىنايەت ئەمەسلىكىنىڭ ئۆلچىمىنى توغرا ئىگىلىيەلەيدىغان، تەرتىپ قانۇنلىرىدا كۆرسىتىلگەن دېلو بېجىرىش دەۋا تەرتىپلىرىنى توغرا ئىگىلەپ توغرا قوللىنالايدىغان قىلىش كېرەك.

2) دېلو بېجىرىش يېتەكچى ئىدىيىسىدە تۈپتىن بۇرۇلۇش ھاسىل قىلىپ، ئىدىيىنى توغرىلاش كېرەك. يېتەكچى ئىدىيە توغرا بولمىسا دېلو بېجىرىشنىڭ سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولمايدۇ. ج خ، تەپتىش، سوت ئورگانلىرى دېلونى قەتئىي باشقۇرۇش تەۋەلىكى، دائىرىسى بويىچە بېجىرىش شەرت دەيدىغان توغرا كۆز قاراشنى تۇرغۇزۇشى؛ دېلونىڭ سانى ۋە سۈپىتىنى تەڭ تۇتىدىغان، سۈپەتنى ئاساس قىلىدىغان نۇقتىئىنەزەرنى تىكلىشى؛ دېلو بېجىرىش جەريانىدا جىنايى ئىشلار قانۇنىغىلا ئەھمىيەت بېرىپ، دەۋا قانۇنىغا سەل قارايدىغان خاھىشنى تۈگىتىپ، سۇبستانسىيە قانۇنى بىلەن تەرتىپ قانۇنىغا تەڭ ئەھمىيەت بېرىدىغان، تەرتىپ قانۇنىنى قەتئىي ئىجرا قىلىش ئېڭىنى تۇرغۇزۇپ، تەرتىپ قانۇنىغا خىلاپلىق قىلغانلىقمۇ قانۇنغا خىلاپ ھالدا دېلو بېجىرگەنلىك بولىدۇ، دەپ قارايدىغان نۇقتىئىنەزەرنى تۇرغۇزۇشى؛ دېلونىڭ قانۇن ئۈنۈمى بىلەن ئىجتىمائىي ئۈنۈمىگە تەڭ ئەھمىيەت بېرىدىغان نۇقتىئىنەزەرنى تۇرغۇزۇشى؛ دېلو بېجىرىشتە (ئورۇن ۋە شەخسنىڭ) مەنپەئەت قوغلىشىشتىن ئىبارەت خاتا ئىدىيىنى تۈزىتىپ، قەتئىي قانۇن بويىچە دېلو بېجىرىش نۇقتىئىنەزىرىنى تۇرغۇزۇشى لازىم. يۇقىرىدىكى بەش جەھەتتىكى توغرا نۇقتىئىنەزەر ۋە كۆز قاراشنى تىكلىگەندىلا ئىدىيىدە تۈپتىن بۇرۇلۇش ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ. شۇنى ئالاھىدە تەكىتلەش زۆرۈركى، مەنپەئەت قوغلىشىش مەقسىتى بىلەن دېلو بېجىرىلسە، قانۇن ئېغىر ھالدا بۇزۇلىدۇ، دۆلەت، خەلققە بالايىئاپەت كەلتۈرىدۇ. شۇڭا سىياسىي قانۇن ئورگانلىرى ۋە كادىر - ساقچىلار ھەر قانچە كەمبەغەل، قىيىنچىلىقى ھەر قانچە ئېغىر

بولسىمۇ، دېلو بېجىرىشتىن پايدىلىنىپ كىرىم قىلىشقا، ياردەم تەلەپ قىلىشقا، تۇتۇپ قېلىش، ئىگىلىۋېلىشقا، دېلونى قانۇنغا خىلاپ ھالدا بېجىرىشكە بولمايدۇ.

3) دېلو بېجىرىشتىكى «ئۆتكەل» نى قاتتىق ئىگىلەش كېرەك. دېلو بېجىرىش سۈپىتى دېلونى ئاخىرقى بىر تەرەپ قىلىش نەتىجىسى جەھەتتە ئىپادىلىنىپلا قالماستىن، يەنە دېلو بېجىرىشنىڭ پۈتكۈل جەريانىدا گەۋدىلىنىدۇ. شۇڭا دەسلەپكى تەكشۈرۈش، دېلو ئېچىش، تەھقىقلەشتىن تارتىپ، ئەيىبلەش، سوت قىلىشقىچە بولغان پۈتكۈل دېلونى ئاياغلاشتۇرۇشنىڭ ھەر بىر ئۆتكىلىنى قاتتىق ئىگىلەش كېرەك. (مەسىلەن، دېلو ئېچىشنىڭ قانۇنغا ئۇيغۇن بولغان ـ بولمىغانلىقى، پاكىتنى بېكىتىشنىڭ ئېنىق بولغان ـ بولمىغانلىقى، قانۇننى تەتبىقلاشنىڭ ئادىل بولغان ـ بولمىغانلىقى، يەنى تەرتىپ قانۇنغا خىلاپ ئەھۋاللارنىڭ كۆرۈلگەن ـ كۆرۈلمىگەنلىكى قاتارلىقلارنى قاتتىق ئىگىلەش كېرەك.)

4) نازارەتچىلىك ۋە چەكلەش مېخانىزمىنى كۈچەيتىش كېرەك. سىياسىي قانۇن ئورگانلىرى پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىنى؛ خەلق قۇرۇلتىيى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى ۋە جامائەت پىكرى قاتارلىقلارنىڭ نازارەتچىلىكىنى ئاڭلىق قوبۇل قىلىشى لازىم؛ شۇنداقلا ج خ، تەپتىش، سوت ئورگانلىرى ئۆز ئورگىنى ئىچىدىكى ھەر قايسى كەسپىي تارماقلارنىڭ ئىش تەقسىماتى ۋە مەسئۇلىيىتىنى ئېنىق بېكىتىپ، ئۇلارنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، كۆپ قاتلاملىق ئىچكى چەكلىشىشنى يولغا قويۇشى، بىر ئادەمنىڭ دېگىنى ھېساب بولۇش، شەكلى ئۆزگەرگەن «بىر يوللا باشقا ئېلىپ چىقىش» تەك دېلو بېجىرىش ئۇسۇلىغا قەتئىي خاتىمە بېرىشى كېرەك.

5) كۆچنى توپلاپ چوڭ، مۇھىم دېلولارنى بىر تەرەپ قىلىش — دېلو بېجىرىش سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىشتىكى ئاچقۇچ. چوڭ، مۇھىم دېلولارنىڭ زىيىنى، ئىجتىمائىي تەسىرى چوڭ بولغاچقا، خەلق ئاممىسى بىر قەدەر دىققەت قىلىدۇ. مۇنداق دېلولارنى چىڭ تۇتقاندا، جەمئىيەتتىكى

ھەر تەرەپنىڭ قوللىشىغىمۇ ئېرىشكىلى، سالاپەتلىك ۋە كاشىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، دېلو بېجىرىشنىڭ قانۇن ئۈنۈمى بىلەن ئىجتىمائىي ئۈنۈمىنى بىرلىككە كەلتۈرگىلى بولىدۇ.

6) دېلو بېجىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ۋە خاتا دېلو بېجىرسە جاۋابكارلىقنى سۈرۈشتۈرۈش تۈزۈمىنى ئورنىتىش كېرەك. ھازىر قانۇننى ئىجرا قىلىش مۇھىتى دېگەندەك ياخشى بولمايۋاتىدۇ. سەۋەبى: بەزى پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ مەسئۇللىرى، كونكرېت دېلودا سۆزنى قانۇننىڭ ئورنىغا دەسسىتىپ، دېلونى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشتىكى قىيىنچىلىقنى ئاشۇرۇۋېتىۋاتىدۇ، جىنايەت گۇماندارى ئىقرارىدىن تېنىۋېلىش، گۇۋاھچى گۇۋاھچىلىقتىن تېنىۋېلىش، سالاپەتلىك قىلىش ئەھۋاللىرى ئەۋج ئېلىۋاتىدۇ، يالغان گۇۋاھلىق بېرىدىغانلار بارغانسېرى كۆپىيىۋاتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ئاز ساندىكى كادىر ـ ساقچىلار نەپسانىيەتچىلىك بىلەن قانۇن ـ ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىپ، يامان تەسىر، ئېغىر ئاقىۋەت پەيدا قىلىۋاتىدۇ. شۇڭا، ھەر قايسى ئورۇنلار ئۆز سىستېمىسىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، چوڭقۇر، ئەتراپلىق مۇھاكىمە قىلىپ، ئىلمىي، بىرلىككە كەلگەن، مەشغۇلاتچانلىقى كۈچلۈك بولغان دېلو بېجىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى، دېلونى خاتا بېجىرگەنلەرنىڭ (قەستەنلىك ياكى سەۋەنلىك بىلەن خاتا بېجىرىلىشتىن قەتئىينەزەر) جاۋابكارلىقنى سۈرۈشتۈرۈش تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، ئۇنى قەتئىي، قاتتىق ئىجرا قىلغاندىلا ئاندىن قانۇننى ئىجرا قىلىش مۇھىتىنى ياخشىلاپ، دېلو بېجىرىش سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

---

ئىزاھات:

① جياڭ زېمىننىڭ مەملىكەتلىك سىياسىي قانۇن خىزمىتى يىغىنىغا قاتناشقان ۋەكىللەر بىلەن سۆھبەتلەشكەندە قىلغان سۆزىدىن.

② سۇبستانسىيە قانۇنى جىنايى ئىشلار قانۇنى، ھەق تەلەپ قانۇنى (جۇملىدىن نىكاھ قانۇنى، مىراسخورلۇق قانۇنى) قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تەرتىپ قانۇنى جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنى، ھەق تەلەپ دەۋا قانۇنى، مەمۇرىي دەۋا قانۇنى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

(ئاپتور ئاقسۇ ئونسۇ ناھىيىلىك پارتكومدىن)

كومىتېت باشلىقى لى پېڭ 9 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 1 - يىغىنىنىڭ يېپىلىش مۇراسىمىدا: «9 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋاكالەت مۇددىتىدە جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك قانۇن سىستېمىسى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندۈرۈلىدۇ» دەپ ئوتتۇرىغا قويدى. 9 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى قانۇن چىقىرىش خىزمىتىگە ناھايىتى يۇقىرى تەلەپ قويدى، قانۇن كومىتېتى ۋە قانۇنچىلىق خىزمىتى كومىتېتى ۋەزىپىسىنىڭ مۇشكۈل، مەسئۇلىيەتنىڭ زور ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلىپ، مەسئۇلىيەتچانلىقى ۋە بۇرچ تۇيغۇسىنى ئاشۇرۇپ، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئاساسىي قانۇن ۋە ئالاقىدار قانۇنلاردا بېرىلگەن مەسئۇلىيىتىنى ئەستايىدىل ئادا قىلىپ، خىزمەتىنى بېرىلىپ ئىشلەپ، 9 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ قانۇن چىقىرىش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، قانۇن چىقىرىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداش، پارتىيە 15 - قۇرۇلتىيىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش قەدىمىنى تېزلىتىش يولىدا تېگىشلىك تۆھپە قوشۇشقا بەل باغلىدى.

# قانۇن چىقىرىش خىزمىتىدە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بىر قانچە مەسىلە

نۆۋەت ئالماشتۇرۇلغاندىن بويان، پارتىيە 15 - قۇرۇلتىيىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان «قانۇن چىقىرىش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، قانۇن چىقىرىش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، 2010 - يىلىغا بارغاندا جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك قانۇن سىستېمىسىنى بەرپا قىلىش» نىشانى ۋە ۋەزىپىسىگە ئاساسەن، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئىلگىرىكى قانۇن چىقىرىش خىزمىتى تەجرىبەلىرىنى ئەستايىدىل يەكۈنلەش ۋە ئەينەك قىلىش ئاساسىدا، بىر قاتار يېڭى تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى: يەنى، قانۇن چىقىرىش خىزمىتىنىڭ پىلانچانلىقى ۋە پىلاننىڭ ئىلمىيلىكىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش ئۈچۈن، قانۇن چىقىرىش خىزمىتىنىڭ يىللىق پىلانىنى، بەش يىللىق ئومۇمىي پىلانىنى، يىراق كەلگۈسى پروگراممىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ھەمدە مەخسۇس بەنزە تەشكىللەپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك قانۇن سىستېمىسى ئۈستىدە مەخسۇس مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىپ، قانۇن چىقىرىش ئومۇمىي پىلانى ۋە قانۇن چىقىرىش پروگراممىسىنىڭ ئىلمىيلىكىنى ئاشۇرۇش؛ قانۇن چىقىرىش سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، قانۇن چىقىرىش تەرتىپىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈش، قانۇن لايىھىسىنى ئومۇمەن ئۈچ قېتىم قاراپ چىقىش تۈزۈمىنى ئورنىتىش، دائىمىي كومىتېت رەھبەرلىرى قانۇن كومىتېتىنىڭ قانۇننى بىر تۇتاش قاراپ چىقىش ھەققىدىكى قانۇنىي مەسئۇلىيىتىنى تەكىتلەپ، قانۇن كومىتېتى بىلەن باشقا مەخسۇس كومىتېتلارنىڭ قانۇننى قاراپ چىقىش خىزمىتىدىكى مۇناسىۋىتىنى يەنە-

مۇ راۋانلاشتۇرۇش؛ قانۇن چىقى-
رىشتا دېموكراتىيىنى تولۇق جا-
رى قىلدۇرۇش، ئاممىۋى لۇشە-
يەندە چىڭ تۇرۇش لازىملىقىنى
تەكىتلەپ، ئاممىنىڭ جانجان
مەنپەئىتىگە تاقىلىدىغان بەزى مۇ-
ھىم قانۇن لايىھىلىرىنى ئېلان
قىلىپ، كەڭ تۈردە پىكىر ئېلىش
تۈزۈمىنى ئورنىتىش. بۇ يېڭى
تەدبىرلەر پارتىيە 15 ـ قۇرۇلتى-
يىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان نىشاننى
ئورۇنداشتا مۇھىم رول ئوينىماق-
تا ۋە ئوينىغۇسى. كومىتېت باش-
لىقى لى پېڭ، مۇئاۋىن كومىتېت
باشلىقى جياڭ چۈنيۈن قانۇن چى-
قىرىش خىزمىتىنى ئۆزى تۇتۇپ،
كۆپ قېتىم تەكشۈرۈش ئېرىتى-
نى باشلاپ، ئالاقىدار جايلارغا بې-
رىپ، قانۇن چىقىرىش خىزمىتى
ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بار-
دى، قانۇن لايىھىلىرىگە تۈزىتىش
كىرگۈزۈش ھەققىدە پىكىر ئال-
دى؛ كومىتېت باشلىقلىرى يىغى-
نى قانۇن چىقىرىش ئۈستىدىكى
تەتقىقات خىزمىتىنى دائىملىق
خىزمەت سۈپىتىدە مۇھىم ئىشلار
كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈپ، قانۇن
چىقىرىش خىزمىتى ھەققىدىكى
مەلۇماتلارنى ۋاقتىدا ئاڭلاپ، قا-
نۇن چىقىرىش داۋامىدىكى مۇھىم
مەسىلە ۋە قىيىن مەسىلىلەرنى
مۇھاكىمە قىلىپ ھەل قىلدى.
ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، رەھ-
بەرلىك ئەھمىيەت بەرسە، قانۇن
چىقىرىش خىزمىتىنى ياخشى
ئىشلەشكە ياخشى شارائىت ھازىر-
لىنىدۇ؛ رەھبەرلىك پىكىر يولى-
نى كۆرسىتىپ بەرسە، تۆۋەندى-
كىلەر خىزمەتنى ئوبدان ئورۇن-
لاشتۇرالايدۇ؛ رەھبەرلىك خىز-
مەتنى چىڭ تۇتۇپ، مۇھىم مەسى-
لە ۋە قىيىن مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا
ھەل قىلسا، قانۇن چىقىرىش سۈ-
پىتى ۋە ئۈنۈمى كاپالەتكە ئىگە بو-
لىدۇ.

نۆۋەت ئالماشتۇرۇلغاندىن
بۇيان، مەملىكەتلىك خەلق قۇ-
رۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كو-
مىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، قانۇن
كومىتېتى قانۇنچىلىق كومىتېتى
بىلەن يېقىندىن ھەمكارلىشىپ،
زېھنىي كۈچىنى مەركەزلەشتۈ-
رۈپ، قانۇن چىقىرىش خىزمىتى-
نى ياخشى ئىشلىدى، تۆۋەندىكى
بىر قانچە نۇقتىنى ئىگىلەشكە
ئەھمىيەت بەردى:

*بىرىنچى، پارتىيە رەھبەر-
لىكىدە چىڭ تۇرۇپ، قانۇن چى-
قىرىش خىزمىتىنى پارتىيىنىڭ
ئىسلاھات، تەرەققىيات ھەققىدى-
كى مۇھىم تەدبىرلىرى بىلەن
بىرلەشتۈرۈش، زور مەسىلىلەر-
نى خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كو-
مىتېتى پارتگۇرۇپپىسىغا دوكلات
قىلىپ، ئۇنىڭدىن يوليورۇق سو-
راش.*

قانۇن كومىتېتى قانۇنلارنى
قاراپ چىقىشتا، پارتىيىنىڭ
لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرى-
نى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىشقا
ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ، مەر-
كىزىي كومىتېتنىڭ ئىسلاھات،
تەرەققىيات ھەققىدىكى تەدبىرلى-
رىنى قانۇن لايىھىلىرىدە گەۋدى-
لەندۈردى، قانۇن چىقىرىش بى-
لەن ئىسلاھات، تەرەققىيات ھەق-
قىدىكى تەدبىرلەرنىڭ بىردەكلى-
كىدە چىڭ تۇردى. شۇنىڭ بىلەن
بىرگە، مۇھىم مەسىلىلەردە يول-
يورۇق سوراش، دوكلات قىلىش
تۈزۈمىدە چىڭ تۇردى، ئومۇمەن
قانۇن چىقىرىش داۋامىدا يولۇققان
مەسىلىلەرنى خەلق قۇرۇلتىيى
دائىمىي كومىتېتىغا ۋاقتىدا دوك-
لات قىلىپ، ئۇنىڭدىن يوليورۇق
سورىدى ھەمدە پارتىيە مەركىزىي
كومىتېتىنىڭ ياكى خەلق قۇرۇل-
تىيى دائىمىي كومىتېتى پارتگۇ-
رۇپپىسىنىڭ قارارىنىڭ روھىغا
ئاساسەن، قانۇن لايىھىلىرىنى تۈ-
زىتىش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قوي-
دى.

*ئىككىنچى، ئەڭ كۆپ سان-
دىكى خەلقنىڭ تۈپ مەنپەئىتىنى
قوغداشنى ئاساس قىلىش.* قانۇن
چىقىرىش خىزمىتىدە، قانۇن كو-
مىتېتى ئەڭ كۆپ ساندىكى خەلق-
نىڭ تۈپ مەنپەئىتىنى قوغداشتا
چىڭ تۇرۇشنى بىر تۈرلۈك تۈپ
پرىنسىپ قىلىپ، دۆلەت مەمۇ-
رىي ئورگىنى، ئەدلىيە ئورگانلى-
رى ۋە ئۇلارنىڭ خىزمەتچىلىرى-
نىڭ ھەرىكىتىنى قېلىپلاشتۇ-
رۇپ، ئاممىنىڭ تۈرلۈك قانۇنىي
ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى قوغداشقا
ئەھمىيەت بەردى؛ قانۇن ئىجرا
قىلىش تەرتىپى قۇرۇلۇشىغا ئەھ-
مىيەت بېرىپ، دۆلەت ئورگانلى-
رى ۋە ئۇلارنىڭ خىزمەتچىلىرىگە
بولغان نازارەتچىلىكنى كۈچەي-
تىپ، ھوقۇقنىڭ توغرا يۈرگۈ-
زۈلۈشىگە كاپالەتلىك قىلىپ،
ھوقۇقنى قالايمىقان يۈرگۈزۈش-
نىڭ ئالدىنى ئالدى.

*ئۈچىنچى، دېموكراتىيىنى
تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، دېموك-
راتىيە - مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈ-
مىدىن ئىبارەت خىزمەت ئۇسۇلىدا
چىڭ تۇرۇش.* كومىتېت باشلىقى
لى پېڭ قانۇن چىقىرىش جەريانى-
دا، دېموكراتىيىنى تولۇق جارى
قىلدۇرۇپ، كەڭ كۆشادە پىكىر
بايان قىلىش لازىملىقىنى كۆپ
قېتىم تەكىتلىدى. قانۇن كومى-
تېتى قانۇن چىقىرىش خىزمىتىدە
مەيلى سۆھبەت يىغىنى، ماسلاش-
تۇرۇش يىغىنى ۋە پىكىر ئېلىش
يىغىنىدا بولسۇن ياكى كومىتېت
يىغىنىدا قانۇن لايىھىلىرىنى قا-
راپ چىقىشتا بولسۇن، دېموكرا-
تىيىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشقا
ئەھمىيەت بەردى، مەسىلىلەرنى
مۇزاكىرە قىلغاندا، ھەممەيلەن
كەڭ كۆشادە پىكىر بايان قىلدى،
كۆپچىلىكنىڭ ئەقىل - پاراسىتى
جارى قىلدۇرۇلدى، ئاخىرىدا
توغرا پىكىرلەرنى مەركەزلەشتۈ-
رۈپ، قانۇن لايىھىلىرىگە تۈزى-
تىش كىرگۈزۈش پىكرىنى ئوت-
تۇرىغا قويدى.

*تۆتىنچى، ئاممىۋى لۇشيەندە
مېڭىشتا چىڭ تۇرۇپ، ھەر قاي-
سى تەرەپلەرنىڭ پىكرىنى، بو-
لۇپمۇ ئاساسىي قاتلامنىڭ ۋە ئام-
مىنىڭ پىكرىنى كەڭ تۈردە ئاڭ-
لاش.* 9 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك
خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومى-
تېتى ھەر قايسى تەرەپنىڭ پىكرى-
نى ئاڭلاش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ،
كەڭ ئاممىنىڭ جانجان مەنپەئى-
تىگە مۇناسىۋەتلىك بەزى مۇھىم
قانۇن لايىھىلىرىنى ئېلان قى-
لىپ، كەڭ تۈردە پىكىر ئالدى.
قانۇن كومىتېتى قانۇن لايىھىلە-
رىنى قاراپ چىقىشتا ھەر قايسى
تەرەپلەرنىڭ پىكىرلىرىنى ئەستا-
يىدىل مۇھاكىمە قىلدى، ئاساسىي
قاتلامدىن ۋە ئاممىدىن بىۋاسىتە
كەلگەن پىكىرلەرنى ۋاقتىدا رەت-
لەپ مۇھاكىمە قىلىشقا ئالاھىدە
دىققەت قىلدى. قانۇن كومىتېتى-
نىڭ قاراپ چىقىش، تۈزىتىش
پىكىرلىرىنىڭ تولىسى تولۇق مۇ-
ھاكىمە قىلىش، جۈملىدىن ئاسا-
سىي قاتلامدىن ۋە ئاممىدىن كەل-
گەن پىكىرلەرنى تولۇق مۇھاكىمە
قىلىش ئاساسىدا ئوتتۇرىغا قويۇل-
غان.

*بەشىنچى، قانۇننى بىر تو-
تاش قاراپ چىقىش مەسئۇلىيىتى-
نى ئەستايىدىل ئادا قىلىپ، قا-
نۇن چىقىرىش سۈپىتىنى تىرى-
شىپ ئۆستۈرۈش.* قانۇن
كومىتېتىنىڭ قانۇننى بىر تۇتاش
قاراپ چىقىشى قانۇن لايىھىلىرى-
نىڭ ئاساسىي قانۇن بىلەن بىر-
دەك بولۇشىغا، ئالاقىدار قانۇنلار
بىلەن باغلىنىشىغا، قانۇن سىس-
تېمىسىنىڭ ئىچكى قىسمىنىڭ
ماسلاشقان ۋە بىرلىككە كەلگەن
بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشتا
ئىنتايىن مۇھىم، ئۇ سوتسىيا-
لىستىك قانۇنچىلىقنىڭ بىرلىككە
كەلگەن پرىنسىپىنىڭ ئوبيېكتىپ
تەلىپى. بىر تۇتاش قاراپ چىقىش
جىددىي، ئىنچىكە خىزمەت،
شۇنداقلا زور مەسئۇلىيەت ھېساب-
لىنىدۇ. نۆۋەت ئالماشتۇرۇلغان-
دىن بۇيان، قانۇن كومىتېتى قا-
نۇنچىلىق كومىتېتىنىڭ يېقىندىن
ماسلىشىشى ئارقىسىدا، قانۇننى
بىر تۇتاش قاراپ چىقىش مەسئۇ-
لىيىتىنى ئەستايىدىل ئادا قى-
لىپ، سۈپەت ئۆتكىلىنى پۇختا
ئىگىلەپ، تۆۋەندىكى بىر قانچە
جەھەتتىكى خىزمەتنى ياخشى
ئىشلەشكە ئەھمىيەت بەردى: (1)
قاراپ چىقىشتا يولۇققان ئوخشى-
مىغان پىكىرلەرگە ئاساسىي قا-
نۇندا بەلگىلەنگەن ياكى ئاساسىي
قانۇندا بېكىتىلگەن پرىنسىپلار
بويىچە ھۆكۈم قىلىپ، قاراپ
چىقىش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قوي-
دى؛ قانۇن لايىھىلىرىدىكى بەل-
گىلىمىلەرنىڭ ھازىرقى ئالاقىدار
قانۇنلار بىلەن بىردەك بولمىغان
جايلىرىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش
پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. (2)
ماددىمۇماددا قاراپ چىقىش تۈزۈ-
مىدە چىڭ تۇردى. لايىھىلەر چې-
تىشلىق زور مەسىلىلەر ياكى زور
ئىختىلاپ بولغان پىكىرلەرگە
جىددىي، ئېھتىياتچان مۇئامىلە
قىلىپ، كۆپ قېتىم تەكرار قا-
راپ چىقىپ، مەسىلىنى مۇۋاپىق
ھەل قىلىشقا تىرىشتى. (3)
كونكرېت بەلگىلىمە چىقارغىلى
بولسا، ئىمكانقەدەر كونكرېت بەل-
گىلىمە چىقاردى.

*ئالتىنچى، قانۇن كومىتېتى
قانۇن لايىھىلىرىنى قاراپ چىقىش
جەريانىدا باشقا مەخسۇس كومى-
تېتلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى
ياخشى بىر تەرەپ قىلىشقا ئەھمى-
يەت بەردى.* خىزمەت داۋامىدا،
ھەر قايسى مەخسۇس كومىتېتلار
بىلەن يېقىندىن ماسلىشىشقا ئەھ-
مىيەت بېرىپ، قانۇن لايىھىلىرى-

دىكى بەزى مۇھىم مەسىلىلەردە
ئالاقىدار مەخسۇس كومىتېتلار
بىلەن تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئا-
لاقىلىشىپ، بىرلىكتە سۆھبەت
يىغىنى ئېچىپ، بىرلىكتە تەكشۈ-
رۈپ تەتقىق قىلدى. قانۇن كومى-
تېتى يىغىن ئېچىپ قانۇن لايىھى-
لىرىنى قاراپ چىققاندا، ئالاقىدار
مەخسۇس كومىتېتلاردىكى يول-
داشلارنى قالدۇرماي تەكلىپ
قىلدى. قانۇن لايىھىلىرىنى تۈ-
زەتكەندە، دائىمىي كومىتېت ئە-
زالىرى ۋە مەخسۇس كومىتېتلار-
نىڭ پىكرىنى ئېلىشقا ئىنتايىن
ئەھمىيەت بەردى. پىكىر ئىختى-
لاپى بولغان مۇھىم مەسىلىلەردە
ماسلاشتۇرۇش، كېڭىشىش خىز-
مىتىنى كۆپرەك ئىشلەپ، ھەل
قىلىش چارىسى ئۈستىدە ئورتاق
ئىزلەندى. قانۇن كومىتېتى قا-
راپ چىقىش نەتىجىسى ھەققىدىكى
دوكلاتتا ھەر قايسى تەرەپلەرنىڭ
پىكرىنى ئەتراپلىق، توغرا ئەكس
ئەتتۈرۈشكە، بولۇپمۇ ئالاقىدار
مەخسۇس كومىتېتلارنىڭ پىكرى-
نى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈشكە
ئەھمىيەت بەردى. يېقىندا، قانۇن
كومىتېتى كومىتېت باشلىقى لى
پېڭنىڭ سۆزىنىڭ روھى بويىچە،
مەخسۇس كومىتېتلارنىڭ پىكرى-
نى ئىنكاس قىلىش خىزمىتىنى
يەنىمۇ ياخشى ئىشلەشكە ئەھمى-
يەت بەردى.

*يەتتىنچى، قانۇن كومىتېتى-*
*نىڭ كۈندىلىك خىزمىتىنى كۈ-*
*چەيتىپ، قانۇنچىلىق كومىتېتى*
*بىلەن يېقىندىن ماسلىشىپ، بى-*
*رىكمە كۈچ ھاسىل قىلىپ، قا-*
*نۇن چىقىرىش خىزمىتىنى ئورتاق*
*ياخشى ئىشلىدى.* 9 - نۆۋەتلىك
مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 1-
يىغىنىدىن بۇيان، كومىتېت باش-
لىقى لى پېڭ، مۇئاۋىن كومىتېت
باشلىقى جياڭ چۇنيۇن قانۇن چى-
قىرىش خىزمىتىنى شەخسەن ئۆ-
زى تۇتتى، كۆپ قېتىم ئادەم باش-
لاپ ئالاقىدار جايلارغا بېرىپ قا-
نۇن چىقىرىش ئۈستىدە تەكشۈ-
رۈپ تەتقىق قىلىپ، قانۇن لايى-
ھىلىرىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈش
ھەققىدە پىكىر ئالدى؛ دائىمىي
كومىتېتنىڭ ھەر قېتىملىق يى-
غىنى ئالدىدا ۋە يىغىن مەزگىلىدە
كومىتېت باشلىقى لى پېڭ قانۇن
كومىتېتى ۋە قانۇنچىلىق خىزمى-
تى كومىتېتىدىكى ئاساسلىق
مەسئۇل يولداشلارنىڭ مەلۇماتىنى
ئاڭلاپ تۇردى. بۇ مەملىكەتلىك
خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومى-
تېتى رەھبەرلىرىنىڭ قانۇن چى-
قىرىش خىزمىتىگە ئەھمىيەت بې-
رىدىغانلىقىنى تولۇق ئەكس ئەت-
تۈرىدۇ. قانۇن كومىتېتى مەملى-
كەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ دا-
ئىملىق ئاپپاراتى بولۇپ، قانۇن-
لارنى بىر تۇتاش قاراپ چىقىش-
تەك ئېغىر ۋەزىپىنى ئۈستىگە
ئالغان، شۇڭا ئۇنىڭ خىزمىتى
دائىملىق خىزمەت بولۇشى كې-
رەك. قانۇن كومىتېتىنىڭ كۈن-
دىلىك خىزمىتىنى كۈچەيتىش
ھەم مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتى-
يىنىڭ يېڭى ۋەزىپىسى، يېڭى
ۋەزىيەتنىڭ ئوبيېكتىپ ئېھتىيا-
جى ھەم قانۇن كومىتېتى ئاپپارا-
تى خاراكتېرىنىڭ ۋە خىزمەت
مەسئۇلىيىتىنىڭ مۇقەررەر تەلى-
پى، بىر تۇتاش قاراپ چىقىش
مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش،
خىزمەتنى ياخشى ئىشلەشنىڭ ئال-
دىنقى شەرتى. شۇڭا، قانۇن كو-
مىتېتى كۈندىلىك خىزمەتلىرىنى
تۆۋەندىكى بىر قانچە جەھەتتىن
كۈچەيتتى: (1) خىزمەت ئورنىدا
چىڭ تۇرۇش. قانۇن كومىتېتى
ۋۇجۇدقا كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەي
چاقىرىلغان مۇدىرلار يىغىنىدا،
خىزمەت ئورنىدا چىڭ تۇرۇش،
مۇدىر، مۇئاۋىن مۇدىرلارنىڭ
خىزمەت ئورنىدا كەم دېگەندە يې-
رىم كۈن تۇرۇپ، قانۇن چىقى-
رىش ئۈستىدىكى تەكشۈرۈپ تەت-
قىق قىلىش خىزمىتىگە قاتنى-
شىپ، قانۇن چىقىرىشتا دۇچ
كەلگەن مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا مۇ-
ھاكىمە قىلىپ بىر تەرەپ قىلىشى
لازىملىقى، كومىتېت يىغىنى،
سۆھبەت يىغىنى ئاچقان، تەكشۈ-
رۈپ تەتقىق قىلىشقا ئوخشاش
خىزمەت جىددىي چاغلاردا ئىش
ئورنىدىن پۈتۈن كۈن ئايرىلماس-
لىق لازىملىقى بېكىتىلگەن.

(2) قانۇن كومىتېتى مۇدىرلار ئىش يىغىنى تۈزۈمىنى كۈچەيتتى. دائىمىي كومىتېتنىڭ ھەر قېتىملىق يىغىنى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، قانۇن كومىتېتى ۋاقتىدا مۇدىرلار ئىش يىغىنى ئېچىپ قانۇنچىلىق خىزمىتى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرىنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ قاراپ چىقىشىغا سۇنۇلغان قانۇن لايىھىلىرىگە پىكىر ئېلىش ئەھۋالى ۋە تۈزىتىش ئەھۋالى ھەققىدىكى ئەھۋال تونۇشتۇرۇشىنى ئاڭلاپ، قانۇن لايىھىلىرىنى كېيىنكى قەدەمدە قاراپ چىقىش خىزمىتىنى مۇھاكىمە قىلىپ، ئىش تەقسىماتىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، خىزمەتنى پىلانلىق قانات يايدۇردى. بۇنىڭدىن باشقا، مۇدىرلار ئىش يىغىنى يەنە بەزى قانۇن لايىھىلىرى ياكى قانۇنلارنىڭ تۈزىتىلگەن لايىھىلىرى ئۈستىدە قانۇنچىلىق خىزمىتى كومىتېتىدىكى ئالاقىدار يولداشلارنىڭ ئەھۋال تونۇشتۇرۇشىنى ئاڭلاپ، ئەھۋالنى بالدۇرراق بىلىپ، مەسىلىلەرنى مۇھاكىمە قىلىپ، قانۇنلارنى قاراپ چىقىش خىزمىتىگە رىياسەتچىلىك قىلىش ئۈچۈن ياخشى تەييارلىق كۆردى. (3) قانۇن لايىھىلىرىنى قاراپ چىقىش خىزمىتىدە ئىش تەقسىماتى بويىچە مەسئۇل بولۇش تۈزۈمىنى يولغا قويدى. خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ قاراپ چىقىشىغا سۇنۇلىدىغان ھەر بىر قانۇن لايىھىسىگە قانۇن كومىتېتىنىڭ بىر مۇئاۋىن مۇدىرى مەسئۇل بولۇپ، قانۇنچىلىق خىزمىتى كومىتېتىنىڭ مەسئۇل مۇئاۋىن مۇدىرى بىلەن بىرلىكتە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئىشىغا رىياسەتچىلىك قىلىپ، سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ، ھەر قايسى تەرەپلەرنىڭ پىكرىنى ئاڭلاپ، قانۇن لايىھىلىرىنى مۇھاكىمە قىلىپ ۋە تۈزىتىپ، قانۇن كومىتېتى ۋە دائىمىي كومىتېتنىڭ قانۇن لايىھىسىنى قاراپ چىقىشى ئۈچۈن ياخشى تەييارلىق كۆردى. دائىمىي كومىتېت يىغىنى ئېچىلغان مەزگىلدە، قانۇن كومىتېتى ۋە قانۇنچىلىق خىزمىتى كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىرى خىزمەت ئاپپاراتلىرىدىكى يولداشلار بىلەن بىرلىكتە سىمنا قوشۇپ ئىشلەپ، دائىمىي كومىتېت ئەزالىرىنىڭ پىكرىنى مۇھاكىمە قىلىپ، لايىھىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈش جەھەتتە ئۆتكەلنى مەزمۇن ۋە ئەدەبىي جەھەتتىن ياخشى ئەگىلىدى.

*سەككىزىنچى، ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئەھۋالدىن بالدۇرراق خەۋەردار بولۇپ، ياخشى رول ئويناش.* كومىتېت باشلىقى لى پېڭ، مۇئاۋىن كومىتېت باشلىقى جياڭ چۇنيۇن ئوخشىمىغان سورۇنلاردا قىلغان سۆزلىرىدە ئۆگىنىشنى كۈچەيتىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. خىزمەت ئېھتىياجىغا ۋە خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى رەھبەرلىرىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، مۇشۇ نۆۋەتلىك قانۇن كومىتېتىنىڭ 1 - ئومۇمىي يىغىنىدا، ئۆز خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، ئۆگىنىشنى كۈچەيتىپ، ئەھۋال بىلەن تونۇشۇپ ياخشى رول ئويناش لازىملىقى بېكىتىلدى؛ قانۇن ئۆگىنىشنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ئۆگىنىش پىلانى بېكىتىلدى: ھەر قوش ئايدا بىر قېتىم قانۇن ئۆگىنىشكە تەشكىللەپ، قانۇنچىلىق خىزمىتى كومىتېتىدىكى يولداشلارنى قانۇنشۇناسلىقتىن ئومۇمىي نەزەرىيە، ئاساسىي قانۇن، خەلق قۇرۇلتىيى تەشكىلىي قانۇنى، جىنايى ئىشلار قانۇنى، جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنى، ھەق تەلەپ قانۇنى، ھەق تەلەپ دەۋا قانۇنى، شىركەت قانۇنى، مەمۇرىي جازا قانۇنى قاتارلىق قانۇنلاردىن ئەھۋال تونۇشتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىدى.

(مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى قانۇن
كومىتېتى، مەملىكەتلىك خەلق
قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى
قانۇنچىلىق خىزمىتى
كومىتېتىنىڭ خىزمەت
خۇلاسىسىدىن ئېلىندى)

ئەمەت توختى تەرجىمىسى

# رەھبەرىي كادىرلار ئۆزىنىڭ قانۇن ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشى لازىم

△ ئابلەت مامۇت △

باش شۇجى جياڭ زېمىن پارتىيىنىڭ 15 -
قۇرۇلتىيىغا بەرگەن دوكلاتىدا: «قانۇن ساۋاتلى-
رىنى ئومۇملاشتۇرۇش تەربىيىسىنى چوڭقۇر قانات
يايدۇرۇش، ئومۇمىي خەلقنىڭ قانۇن ئېڭىنى كۆ-
چەيتىش، بولۇپمۇ رەھبەرىي كادىرلارنىڭ قانۇنچى-
لىق قارىشى ۋە قانۇن بويىچە ئىش قىلىش ئىقتىدا-
رىنى ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن يۇقىرى پەللىگە كۆتۈ-
رۈش كېرەك» دەپ كۆرسەتتى. ھەر دەرىجىلىك
رەھبەرىي كادىرلار دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە
قىلىپ، قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىنىدىغان سوتسى-
يالىستىك دۆلەت قۇرۇش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇ-
رۇشتا زور تارىخىي مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئال-
غان. شۇڭا ھەر دەرىجىلىك رەھبەرىي كادىرلار
باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ چاقىرىقىغا باشلامچى-
لىق بىلەن قىزغىن ئاۋاز قوشۇپ، قانۇن بىلىملى-
رىنى ئۈزلۈكسىز تىرىشىپ ئۆگىنىپ ۋە ئىگى-
لەپ، تۈرلۈك مەمۇرىي ۋە ئىجتىمائىي ئىشلارنى
قانۇن بويىچە باشقۇرۇش سەۋىيىسىنى ۋە ئىقتىدا-
رىنى تىرىشىپ يۇقىرى كۆتۈرۈپ، قانۇن بىلەن
ئىدارە قىلىنىدىغان سوتسىيالىستىك دۆلەت قۇ-
رۇش ئېھتىياجىغا تېزرەك ماسلىشىشى لازىم. بۇ-
نىڭ ئۈچۈن تۆۋەندىكى تۆت جەھەتتە تازا كۈچ
سەرپ قىلىش كېرەك.

1. قانۇن بىلىملىرىنى تىرىشىپ ئۆگىنىش
لازىم.

ھەر دەرىجىلىك رەھبەرىي كادىرلار ئۆزلىرى-
نىڭ قانۇن ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن
كۆپ تەرەپتىن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە توغرا
كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدە قانۇننى ئۆگىنىش، قانۇن-
نى بىلىش — ھەم رەھبەرىي كادىرلارنىڭ قانۇن
ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنىڭ ئالدىنقى شەرتى،
ھەم ھازىرقى دەۋردىكى رەھبەرىي كادىرلارغا قو-
يۇلغان ئاساسىي تەلەپ بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭ-
لاشقا، رەھبەرىي كادىرلارنىڭ قانۇن بىلىملىرىنى
ئۆگىنىشى ئالدى بىلەن ئۆزىنىڭ رەھبەرلىك بۇر-
چىنى ئادا قىلىشىنىڭ جىددىي ئېھتىياجى. ھازىر
ئېلىمىزدە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈل-
مىسى ئورنىتىلىۋاتىدۇ. سوتسىيالىستىك بازار
ئىگىلىكى قانۇن - تۈزۈم ئىگىلىكى بولغاچقا، ھەر
دەرىجىلىك رەھبەرىي كادىرلار بىر قەدەر كۈچلۈك
قانۇنچىلىق قارىشىغا ۋە مۇناسىپ قانۇن بىلىملىرى-

گە ئىگە بولمىسا، ئۆزىنىڭ رەھبەرلىك بۇرچىنى ياخشى ئادا قىلالمايدۇ. پارتىيىنىڭ 11 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى 20 يىل جەريانىدا مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى 320 دىن كۆپرەك قانۇن ۋە قانۇن مەسىلىلىرىگە ئالاقىدار قارار چىقاردى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىمۇ 180 يەرلىك نىزام ۋە نىزام خاراكتېرلىك قارار چىقاردى. بۇ قانۇن - نىزاملارنىڭ يولغا قويۇلۇشى رەھبىرىي كادىرلارنىڭ قانۇن - نىزاملارنى ئۆگىنىپ ۋە ئىگىلەپ، رەھبەرلىك فۇنكسىيىسىنى قانۇن بويىچە توغرا يۈرگۈزۈش جەھەتتىكى ۋەزىپىسىنى ئېغىرلاشتۇردى. شۇڭا ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار ئۆزىنىڭ رەھبەرلىك خىزمىتى بىلەن زىچ ئالاقىدار بولغان قانۇن- نىزاملارنى پىششىق ئۆگىنىپ ۋە ئىگىلەپ، ئۇنىڭدىكى كونكرېت بەلگىلىمىلەرنى تولۇق، مۇكەممەل بىلىۋېلىشى لازىم؛ شۇنىڭ بىلەن بىرگە، باشقا قانۇن - نىزاملارنىمۇ ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى ۋە مۇھىم پرىنسىپلىرىنى ئىگىلىۋېلىشى، شۇنداقلا بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش جەريانىدا يېڭىدىن چىقىۋاتقان قانۇن - نىزاملارنى ئۆگىنىشكىمۇ ئەھمىيەت بېرىشى، شۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ قانۇن بىلىملىرىنى ئۈزلۈكسىز بېيىتىپ، ئۆزىنىڭ رەھبەرلىك فۇنكسىيىسىنى قانۇن - نىزاملاردىكى بەلگىلىمە بويىچە توغرا يۈرگۈزۈش ئۈچۈن پۇختا ئاساس سېلىشى لازىم. ئۇندىن قالسا دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش يولىنى تۇتۇپ، قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىنىدىغان سوتسىيالىستىك دۆلەت قۇرۇش ئۈچۈن بارلىق پۇقرالار ئارىسىدا قانۇن ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش تەربىيىسىنى چوڭقۇر، ئۇزاققىچە قانات يايدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ قانۇن ئېڭى ۋە قانۇن- تۈزۈم قارىشىنى ئومۇمىيۈزلۈك كۈچەيتىشكە توغرا كېلىدۇ. ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار بۇ جەرياندا رەھبەرلىك قىلغۇچىلار بىلەن تەربىيىلىگۈچىلەردىن ئىبارەت قوش مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئالغان بولىدۇ. شۇڭا ئۇلار قانۇن ئېڭىنى ۋە قانۇن - تۈزۈم قارىشىنى كۈچەيتىش جەھەتتە پۇقرالارغا باشلامچىلىق قىلىشى ۋە ئۈلگە كۆرسىتىشى لازىم. ئەگەر ئۇلار ئۇنداق قىلالمىسا، باشقىلارغا رەھبەرلىك قىلىش ۋە تەربىيە بېرىش سالاھىيىتىگە ئىگە بولالماي قالىدۇ - دە، شۇنىڭ بىلەن ئومۇمىي خەلقنىڭ قانۇن ئېڭى ۋە قانۇن - تۈزۈم قارىشىنى كۈچەيتىش دېگىنىمىز قۇرۇق گەپكە ئايلىنىپ قالىدۇ. شۇڭا رەھبىرىي كادىرلار خىزمەت بىلەنلا بولۇپ كېتىپ، قانۇن ئۆگىنىشكە سەل قارايدىغان، قانۇننى سىستېمىلىق ئۆگىنىش كەسپىي ئورۇنلارنىڭ ئىشى، رەھبەرلەر ئانچە - مۇنچە بىلىپ قالسىلا بولىدۇ دەپ قاراپ قانۇن ئۆگىنىشكە بېرىلمەيدىغان ئەھۋاللارنى ئۆزگەرتىپ، خىزمەت بىلەن قانۇن ئۆگىنىشنىڭ مۇناسىۋىتىنى ۋاقىت جەھەتتە ئوبدان بىر تەرەپ قىلىپ، قانۇن ئۆگىنىشكە، قانۇن بىلىملىرىنى بىلىۋېلىشقا ھەقىقىي ئەھمىيەت بېرىشى لازىم.

2. قانۇنغا رىئايە قىلىشتا ئۈلگە بولۇش لازىم.

ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ رەھبەرلىك ئوبرازىنىڭ قانداق بولۇشى ئۇنىڭ قانۇنغا رىئايە قىلىشتا ئۈلگە بولالىغان - بولالمىغانلىقى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. دۆلىتىمىزنىڭ قانۇنچىلىق پرىنسىپىدا ھەر قانداق پۇقرا قانۇن ئالدىدا باپباراۋەر بولىدۇ، ئۇنىڭ ھوقۇقى باراۋەر، مەجبۇرىيىتى باراۋەر، قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ جىنايەت ئۆتكۈزگەندە جىنايى جازا تەتبىقلاشتا باراۋەر بولىدۇ. رەھبىرىي كادىرلارنىڭ مەيلى ئۇنىڭ ۋەزىپىسىنىڭ قانچىلىك يۇقىرى بولۇشىدىن، تۆھپىسىنىڭ قانچىلىك زور بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۆزىنى قانۇننىڭ ئۈستىگە قويۇۋېلىش، قانۇن سىرتىدا ئالاھىدە ئىمتىيازغا ئىگە بولۇۋېلىشقا ھەققى يوق. قانۇن — ھەممە پۇقرا ئۈچۈن بىر ئەينەك. شۇڭا ياخشى رەھبەر بولۇش ئۈچۈن ئالدى بىلەن قانۇنغا ئاڭلىق رىئايە قىلىدىغان نەمۇنىچى پۇقرا بولۇش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن، بىرىنچىدىن، ھەر قانداق ئىش ۋە ھەر قانداق سۆز - ھەرىكەتتە قانۇن- نىزامدىن ئايرىلماسلىق لازىم.

رەھبىرىي كادىرلارنىڭ يۈرۈش - تۇرۇش، سۆز - ھەرىكىتىنىڭ قانۇندا بەلگىلەنگەن قېلىپقا چۈشمىگەن - چۈشمەيدىغانلىقى ھەمىشە باشقا پۇقرالارغا ناھايىتى چوڭ تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا ئاممىنىڭ قىلىشى تەلەپ قىلىنغانلىكى ئىشلارنى رەھبەرلەر ئاۋۋال قىلىشى، باشقىلارنىڭ قىلماسلىقى تەلەپ قىلىنغانلىكى ئىشلارنى رەھبەرلەر ئالدى بىلەن قىلماسلىقى لازىم. شۇنى بىلىش لازىمكى، رەھبەرلەرگە ئادەتتىكى ئاممىدا يوق بىر قىسىم ھوقۇق بېرىلگەن بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۇنىڭغا مۇناسىپ مەسئۇلىيەت ۋە مەجبۇرىيەت يۈكلەنگەن بولىدۇ. ئەگەر بېرىلگەن ھوقۇقنىلا كۆرۈپ، ئۇنىڭغا مۇناسىپ مەسئۇلىيەت ۋە مەجبۇرىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشقا سەل قارىسا ياكى ئۇنى ئۈستىگە ئېلىشنى خالىمىسا، ئۇ چاغدا قانۇنغا رىئايە قىلىشتا ئۈلگە بولالمايلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ ئەكسىنچە ئاممىنىڭ نارازىلىقىنى قوزغاپ قويۇشى ھەتتا قانۇننىڭ جازاسىغا ئۇچرىشى مۇمكىن. شۇڭا رەھبىرىي كادىرلار قانۇنغا ئاڭلىق رىئايە قىلىشتا باشقىلارغا ئۈلگە يارىتىپ بېرىشى كېرەك. ئىككىنچىدىن، قانۇن يالغۇز پۇقرالارنىڭ ھەرىكىتىنى قېلىپلاشتۇرۇپلا قالماي، رەھبەرلەرنىڭ ھەرىكىتىنىمۇ قېلىپلاشتۇرىدۇ. دۆلىتىمىزدە ئەزەلدىن: «شاھزادە قانۇنغا خىلاپلىق قىلسا ئاۋام خەلققە ئوخشاش جازالىنىدۇ» دېگەن ھېكمەتلىك سۆز بار. ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار خەلقنىڭ چاكىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن «قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر» دېگەن پرىنسىپنى مەھكەم ئىگىلىشى، قانۇنغا رىئايە قىلىشتا «چاكار» بىلەن پۇقراغا بىر خىل ئۆلچەمنى ئىشلىتىشى لازىم. ئۈچىنچىدىن، رەھبىرىي كادىرلار قانۇننى ئۆزىگە ئەينەك قىلىپ، نازارەتچىلىكنى ئاڭلىق قوبۇل قىلىشى لازىم. تەدبىر بەلگىلەشنىڭ ئىلمىي، دېموكراتىك بولغان - بولمىغانلىقى، قانۇن ئىجرا قىلىشنىڭ قاتتىق، ئادىل بولغان - بولمىغانلىقىنى پەقەت قانۇندىن ئىبارەت بۇ ئەينەكتىن پايدىلىنىپ ئاسانلا بىلىۋالغىلى بولىدۇ. قانۇن نازارەتچىلىكى قانۇننىڭ ئىززىتىنى قوغداپ، تەدبىر بەلگىلەشنىڭ ئىلمىيلىكىگە كاپالەتلىك قىلىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىنى قوغداشتىكى مۇھىم ۋاستە، شۇنداقلا ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ تەدبىر بەلگىلەشتىكى سەۋەنلىكىنى ئازايتىش ۋە ئىقتىسادنىڭ تەرتىپلىك ئايلىنىشىغا رەھبەرلىك قىلىشنىڭ كاپالىتى. شۇڭا ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر قانۇن نازارەتچىلىكىنى چىن دىلىدىن، سەمىمىي قوبۇل قىلىشى لازىم.

3. قانۇننى قاتتىق ئىجرا قىلىش لازىم.

سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى ئورنىتىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش جەريانىدا، رەھبىرىي كادىرلارنىڭ قابىلىيىتى ۋە سەۋىيىسى ئاساسلىقى مەمۇرىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە بېجىرىشتە ئىپادىلىنىدۇ. پارتىيىنىڭ 15 - قۇرۇلتىيىدا «دۆلەتنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇپ، قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىنىدىغان سوتسىيالىستىك دۆلەت قۇرۇش» تىن ئىبارەت ئىستراتېگىيىلىك تەدبىرنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلغانلىقى پارتىيىمىزنىڭ يېتەكچى ئىدىيە جەھەتتە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ۋە ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا رەھبەرلىك قىلىشتا ئاساسلىقى سىياسەتكە تايىنىشتىن ئاساسلىقى قانۇنغا تايىنىشقا بۇرالغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ تارىخ تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر تاللىشى بولۇپ، زور رېئال ئەھمىيەتكە ۋە چوڭقۇر تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە. شۇڭا ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار دەۋر قەدىمىگە يېقىندىن ئەگىشىپ، بۇ قۇرۇلۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشى ھەمدە مۇنداق ئۈچ جەھەتتىكى مۇناسىۋەتنى ئەستايىدىل، توغرا بىر تەرەپ قىلىشى لازىم.

بىرىنچى، ھوقۇق بىلەن قانۇننىڭ مۇناسىۋىتى. ھەر قانداق بىر دۆلەت ئورگىنىنىڭ ھوقۇقى قانۇندا بەلگىلەنگەن بولىدۇ، شۇڭا ئۇ ئورگاننىڭ رەھبەرلىرى ھوقۇقنى چوقۇم قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈشى شەرت. ھەر قانداق بىر رەھبەرنىڭ ھوقۇقىنى قانۇننىڭ ئورنىغا دەسسىتىشكە، ئۆزىنىڭ گېپىنى قانۇننىڭ ئورنىغا دەسسىتىشكە، ھوقۇقتىن پايدىلىنىپ قانۇننى بېسىشقا قەتئىي يول قويۇلمايدۇ. شۇڭا رەھبەرلەر ھوقۇقنى قانۇن بويىچە

يۈرگۈزۈش، ئىشنى قانۇن بويىچە بېجىرىشنى ئۆگىنىۋېلىشى ۋە ئۇنىڭغا ماھىر بولۇشى لازىم.

ئىككىنچى، تەجرىبە بىلەن قانۇننىڭ مۇناسىۋىتى. بەزىلەر تەجرىبىگە ئىگە بولغانلىق سەۋىيىگە ئىگە بولغانلىق دەپ قاراپ، ئۆز تەجرىبىسىنى قانۇننىڭ ئورنىغا دەسسەتمەكچى بولىدۇ. بۇ توغرا ئەمەس. ئەمەلىيەت داۋامىدا توپلانغان تەجرىبىلەر ئەلۋەتتە قىممەتلىك. ئەمما تەجرىبە بولغانىكەن ھەمىشە دېگۈدەك چەكلىملىك ۋە بىر تەرەپلىمىلىكتىن خالىي بولالمايدۇ، ۋاقىت، ئورۇن، مۇھىت، ئوبيېكت قاتارلىق نۇرغۇن ئامىللارنىڭ ئوخشىماسلىقى ۋە ئۆزگىرىشى تۈپەيلىدىن تەجرىبىنىڭ توغرۇلۇق دەرىجىسىمۇ ئۆزگىرىش بولىدۇ. بۇرۇنقى تەجرىبىلەرنىڭ ھازىر تامامەن ئېقىپ كېتىشى ناتايىن. ئەمما قانۇن ئۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ. گەرچە قانۇننىڭ ئۆزىمۇ تەرەققىي قىلىش، مۇكەممەللىشىش ۋە يۇقىرى كۆتۈرۈلۈش جەريانىنى بېسىپ ئۆتىدىغان بولسىمۇ، لېكىن پىشقان بىرەر قانۇن ھامان بىر قانچە ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ يۈرەك قېنى ۋە سانسىزلىغان كىشىلەرنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەمدە ئەمەلىيەتنىڭ ئۇزاق مۇددەت سىنىشىدىن ۋە مۇكەممەل قانۇن چىقىرىش تەرتىپىدىن ئۆتكەن بولىدۇ. تەجرىبىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، قانۇن تېخىمۇ ئۇزاق مەزگىللىككە، تۇراقلىققا، توغرۇلۇققا ۋە نوپۇزغا ئىگە. رەھبەرلەرنىڭ تەجرىبىسى پەقەت ئالاقىدار قانۇنلارنى يولغا قويۇشتىكى يېتەكچى ئىدىيىگە سىڭىشكەندىلا، ئاندىن ھەقىقىي مەنىدىكى يېتەكلەش رولىغا ئىگە بولالايدۇ. ئەگەر تەجرىبىنىڭ مۇھىملىقىنى بىر تەرەپلىمە ھالدا تەكىتلەپ، قانۇن قېلىپىغا سەل قارىساق، تەجرىبىچىلىك خاتالىقىنى سادىر قىلىپ قويۇشىمىز ھەتتا قانۇن ئىجرا قىلىشنى توسقۇنلۇققا ئۇچرىتىپ قويۇشىمىز مۇمكىن. شۇڭا رەھبەرلەر تەجرىبە بىلەن قانۇننىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، قانۇننى قاتتىق ئىجرا قىتلىشنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇشى كېرەك.

ئۈچىنچى، جاسارەت بىلەن قانۇننىڭ مۇناسىۋىتى. بەزىلەر كىم خىزمەتتە دادىل، جاسارەتلىك بولۇپ، يول ئېچىپ ئالغا ئىلگىرىلەپ يېڭىلىق يارىتالىسا، بۇ شۇ كىشىنىڭ سەۋىيىلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ دەپ قارايدۇ، بۇمۇ ناتايىن. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەرنىڭ قىيىنچىلىق، ئوڭۇشسىزلىقتىن قورقماي، يول ئېچىپ ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان جاسارەتكە ئىگە بولۇشىغا مۇھتاج. بۇنداق جاسارەت سۇبيېكتىپچىلىق قىلىپ قارىسىغا ھۆكۈم قىلىش، قانۇنغا خىلاپ قارار چىقىرىش، قانۇنغا خىلاپ بۇيرۇق چۈشۈرۈش بىلەن تۈپتىن ئوخشىمايدىغان ئىككى ئىش. بىزنىڭ قىلىۋاتقان جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشىمىز ئالدىنقىلار قىلىپ باقمىغان ئۇلۇغۋار ئىش بولۇپ، ھەر قەدەمدە يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەرگە دۇچ كېلىمىز، يا ئۇنداق، يا مۇنداق قىيىنچىلىق ۋە ئوڭۇشسىزلىقلارغا ئۇچراپ تۇرىمىز. ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەر ئىنتايىن زور جاسارەت بىلەن ئاممىنى يېتەكلەپ ئۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشى، ئۇ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشى، باتۇرلۇق بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىشى لازىم. ئەمما بۇ خىل جاسارەت چوقۇم ئوبيېكتىپ شەيئىنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى ئوچۇق تونۇش ئاساسىدا، ئۆز خىزمىتىگە دائىر ئەمەلىي ئەھۋاللارنى تولۇق چۈشىنىش ۋە ئىگىلەش ئاساسىدا، ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىيات يۆزىلىنىشىگە توغرا ھۆكۈم قىلىش ئاساسىدا، قانۇن - نىزاملاردىكى بەلگىلىمىلەرگە تولۇق ئاساسلىنىش ئاساسىدا تىكلەنگەن بولۇشى شەرت. پەقەت ئاشۇنداق ئاساستا تىكلەنگەن جاسارەت ۋە تەدبىر بەلگىلەشلا ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كېلىدۇ، قانۇننىڭ قوغدىشىغا ئېرىشەلەيدۇ؛ پەقەت شۇنداق قىلغاندىلا ياخشى ئارزۇنى خىزمەت ئەمەلىيىتىگە ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ.

قىسقىسى، ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار قانۇننى قاتتىق ئىجرا قىلىشنى ئۆزىنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتى دەپ تونۇپ، قانۇن ئىجرا قىلىش سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈشى لازىم.

4. قانۇننىڭ نوپۇزىنى تىرىشىپ قوغداش لازىم

بىرەر رايون، بىرەر تارماق ياكى بىرەر ئورۇننىڭ «قانۇن بولغانىكەن ئۇنىڭغا چوقۇم تايىنىش، قانۇننى ئىجرا قىلىشتا چوقۇم قاتتىق بولۇش، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانلارنى چوقۇم سۈرۈشتۈرۈش» دېگەن تەلەپنى ئىشقا ئاشۇرۇش - ئاشۇرالماسلىقى، مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ئاشۇ رايون، تارماق ياكى ئورۇنلاردىكى رەھبەرلىكنىڭ قانۇننىڭ نوپۇزى ۋە سۈرىنى قوغداش ئېڭىنىڭ كۈچلۈك ياكى ئاجىزلىقى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك. قانۇننى ئادەم تۈزىدۇ ۋە ئادەم ئىجرا قىلىدۇ. شۇڭا ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار قانۇنغا خىلاپ ھەرىكەتلەرگە قارشى كۈرەش قىلىپ، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانلارنى چوقۇم سۈرۈشتۈرۈپ، قانۇننىڭ نوپۇزى ۋە سۈرىنى قوغداشنى ئۆزىنىڭ مۇقەددەس بۇرچى دەپ بىلىشى لازىم. بۇ جەھەتتە تۆۋەندىكىلەرنى ئورۇنداش كېرەك: بىرىنچى، قانۇننىڭ نوپۇزىنى قوغداشتا قىيىنچىلىقتىن قورقماسلىق لازىم. ئېلىمىزنىڭ قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ تارىخى تېخى ئانچە ئۇزۇن بولمىغاچقا، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش يولىغا مېڭىش جەريانىدا جەزمەن نۇرغۇن قىيىن مەسىلىلەرگە دۇچ كېلىمىز. قانۇن ئىجرا قىلىش داۋامىدىكى قىيىن مەسىلىلەرگە يولۇققاندا بوشاڭلىق قىلىپ، ئەگىپ ئۆتۈپ كېتىشتەك ئەھۋاللارنى ئۆزگەرتىپ، قانۇن ئىجرا قىلىشتا ئاممىنىڭ ئىنكاسى كۈچلۈك بولۇۋاتقان قىزىق نۇقتا، چىگىش نۇقتا ۋە قىيىن نۇقتىلارغا ئائىت مەسىلىلەرنى زور كۈچ سەرپ قىلىپ ياخشى ھەل قىلىش، قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلارنى سېزىلگەن ھامان قاتتىق تەكشۈرۈپ، قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. ئىككىنچى، قانۇننىڭ نوپۇزىنى قوغداشتا شەخسىي ئادىمگەرچىلىك قىلىشتىن ساقلىنىش لازىم. رەھبىرىي كادىرلار قانۇن ئىجرا قىلىدىغان ئاچقۇچلۇق ئورۇندا تۇرىدىغان بولغاچقا، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان جىنايەت گۇماندارلىرى ۋە ئۇلارنىڭ مۇرەككەپ مۇناسىۋەت تورلىرى ھەر خىل چارە - ئاماللارنى ئىزدەپ، قانۇنني جازادىن قۇتۇلۇپ قېلىشقا ئۇرۇنىدۇ. بۇنداق ئەھۋاللارغا قارىتا، رەھبىرىي كادىرلار ئۆزىدە يۈكسەك ئەخلاقىي پەزىلەتنى يېتىلدۈرۈپ، پارتىيىۋىلىك پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، جىنايەت گۇماندارلىرىنىڭ قانۇننى پۇلغا سېتىۋېلىشقا ئۇرۇنغان ھىيلە - نەيرەڭلىرى ئالدىدا ئۆزىنى پاك تۇتۇپ، سالا قىلىش ۋە پارا بېرىش ئۆتكەللىرىدىن ياخشى ئۆتۈپ، ھەر خىل سىناقلارغا مەردانىلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرۇشى لازىم. ئۈچىنچى، قانۇننىڭ نوپۇزىنى قوغداشتا قانۇن ئىجرا قىلىش ئەھۋالىنى كۆزىتىشكە ماھىر بولۇش كېرەك. رەھبىرىي كادىرلار ئۆزى باشقۇرۇۋاتقان دائىرىدە قانۇنلارنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى كۆزىتىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈپ ۋە ئۇنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، قانۇن ئىجرا قىلىشتا مەيدانغا كەلگەن ھەر خىل مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا بايقاپ، بايقالغان مەسىلىلەرگە تېز ئىنكاس قايتۇرۇپ، ئۇنى مۇناسىپ تەدبىر قوللىنىش ئارقىلىق ۋاقتىدا ھەل قىلىپ، شۇ ئارقىلىق قانۇننىڭ نوپۇزىنى قوغدىشى لازىم.

دېمەك، ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار قانۇننى بىلىش، قانۇنغا رىئايە قىلىش، قانۇننى ئىجرا قىلىش ۋە قانۇننىڭ نوپۇزىنى قوغداشتىن ئىبارەت تۆت جەھەتتە ئاممىغا ئۈلگە بولۇشى لازىم. شۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىنىدىغان سوتسىيالىستىك دۆلەت قۇرۇش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتەك ئېغىر تارىخىي ۋەزىپىنى ئۇتۇقلۇق ئورۇندىيالايدۇ.

(ئاپتور ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، قانۇنچىلىق كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى)



# باجدىن قانۇنلۇق قېچىش ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش توغرىسىدا

△ غوجى ئەيسا △

باجدىن قانۇنلۇق قېچىش باجنى قانۇنلۇق ئاساستا تاپشۇرماسلىق دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ كىشىلەرنىڭ باج قانۇنىدا بەلگىلەنگەن پرىنسىپ بويىچە باج تاپشۇرۇشىنى، لېكىن «باج قانۇنى» نىڭ يوچۇقلىرىدىن پايدىلىنىپ قانۇن يول قويغان دائىرىدە باج تاپشۇرماسلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

كىشىلەر تۇرمۇشىنىڭ كۈنسايىن كۆپ خىللىشىشىغا ئەگىشىپ، مائاش كۆرسەتكۈچى بىلەن مائاش كۆرسەتكۈچىنىڭ سىرتىدىكى كىرىم قۇرۇلمىسى بارا - بارا ئۆزگىرىشكە باشلىدى. كىشىلەر مائاش بېجىدىن باشقا «ئىشتىن سىرتقى تاپاۋەتتىن باج تاپشۇرماسلىق» نى يوللۇق دەپ قارايدىغان بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە هازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان شەخسلەر تاپاۋەت بېجى باج قانۇنىنى تۈرگە ئايرىشتىكى پرىنسىپنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلمەيۋاتىدۇ. بازار ئىگىلىكى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن ئەسلىدىكى پىلانلىق ئىگىلىك باسقۇچىدا يۈرگۈزۈلگەن باج تۈزۈمى بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىگە ماسلىشالمىغاچقا، شەخسلەر تاپاۋەت بېجىغا قايتا تۈزىتىش كىرگۈزۈشكە توغرا كەلدى. شۇنىڭ بىلەن 1994 - يىلى 4 - ئايدا يېڭىدىن ئىسلاھ قىلىنغان «شەخسلەر تاپاۋەت بېجى قانۇنى» يولغا قويۇلدى. بۇ قانۇنغا تۈزىتىش كىرگۈزۈشتىكى بىر ئاساسىي پرىنسىپ «يۇقىرى كىرىمنى تەڭشەپ، شەخسلەرنىڭ كىرىم سەۋىيىسىدىكى پەرقىنى ئازايتىپ، كىرىمى كۆپلەردىن كۆپ ئېلىش، باج سېلىقى ئادىل بولۇش» سىياسىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈشتىن ئىبارەت. بىراق هازىرقى شەخسلەر تاپاۋەت بېجىدا كىرىمنى تۈرگە ئايرىپ باج ئېلىش ئۇسۇلى قوللىنىلغانلىقتىن، باج تاپشۇرغۇچىلارنىڭ ھەقىقىي باج سېلىقىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىش ئىقتىدارىنى ئەتراپلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلمەيۋاتىدۇ. تاپاۋەت بېجى مەنبەسى مول، ئومۇمىي كىرىم سەۋىيىسى يۇقىرى بولغان كىشىلەر باج تاپشۇرمايدىغان، ئەكسىچە بولسا كىرىمى بىر مەزگىلگە ياكى بىر تۈرگە مەركەزلىشىپ قالغان شەخسلەر باجنى كۆپ تاپشۇرىدىغان ھالەتنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. شۇنىڭ بىلەن يۇقىرى كىرىمنى ئۈنۈملۈك تەڭشەش، شەخسلەر كىرىم سەۋىيىسىنىڭ پەرقىنى ئازايتىشنى تولۇق ھەل قىلىشتا ئاكتىپ رول ئوينىيالمىدى. ئەڭ گەۋدىلىك بولغىنى هازىر يۈرگۈزۈلۈۋاتقان شەخسلەر تاپاۋەت بېجىدا ئاسانلا قانۇنلۇق ئاساستا باج تاپشۇرماسلىق ئەھۋالى شەكىللىنىپ، باج ئېلىش - باشقۇرۇش خىزمىتىنىڭ ئۈنۈملۈك ئېلىپ بېرىلىشىغا قىيىنچىلىق تۇغدۇرۇپ، باج مەنبەسىنىڭ ئازلاپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارماقتا. مەسىلەن، ئا ب دىن ئىبارەت ئىككى باج تاپشۇرغۇچى بولۇپ، ئا ھەر ئايدا 800 يۈەندىن 12 ئايدا جەمئىي 9600 يۈەن كىرىمگە ئېرىشىدۇ دېسەك، بۇ شەخس باج قانۇنىدىكى بەلگىلىمە بويىچە ھېچقانداق باج تاپشۇرۇش مەجبۇرىيىتىنى ئۈستىگە ئالمايدۇ. ئەگەر ب شەخس 1 - ئايدا 6300 يۈەن كىرىمگە ئېرىشكەن، بىراق كېيىنكى 11 ئايدا ھەر ئېيىدا 300 يۈەندىن كىرىمگە ئېرىشكەن بولۇپ، ئوخشاشلا يىللىق كىرىم ئومۇمىي سوممىسى 9600 يۈەن بولسىمۇ، بىراق، 1 - ئايدا ب كىشى بەلگىلىمە بويىچە 725 يۈەن باج تاپشۇرىدۇ. قالغان 11 ئايدىكى كىرىم سەۋىيىسى ئۆلچەمگە يەتمىگەچكە باج تاپشۇرۇش مەجبۇرىيىتىنى ئۈستىگە ئالمايدۇ. دېمەك، ئا ۋە

ب دىن ئىبارەت ئىككى شەخسنىڭ يىللىق ئومۇمىي كىرىمى ئوخشاش بولسىمۇ، لېكىن ئوخشىمىغان سېلىقنى ئۈستىگە ئالىدۇ. بۇ باج قانۇنىدا بەلگىلەنگەن پرىنسىپلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋاللارنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلمەيدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. هازىر گەرچە شەخسىي تاپاۋەتتىن باج ئېلىش ئىشلىرى خېلى تەرەققىي قىلغان بولسىمۇ، لېكىن باج ئوغرىلاش ئەھۋالى ئىنتايىن ئېغىر بولماقتا. باج تارماقلىرىنىڭ ئاشكارىلىشىغا قارىغاندا، هازىر شەخسىي تاپاۋەتتىن ئېلىشقا تېگىشلىك باجنىڭ %40 ى ئېلىنمايۋېتىپتۇ.

ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان، مىللىي كىرىم تەقسىماتى شەخسلەرگە مايىللىشىپ تەڭپۇڭسىز هالدا ئاز ساندىكى كىشىلەرگە يۈزلەنگەنلىكى، شۇنداقلا بۇ خىل ئەھۋال ئۈزلۈكسىز راۋاجلانغانلىقتىن، مەملىكىتىمىزدە بىر تۈركۈم يۇقىرى كىرىملىك ئادەملەر توپى بارلىققا كەلدى. ۋەھالەنكى، شەھەرلەردە 20 مىليون كىشى، يېزىلاردا 60 مىليون كىشى تېخى نامراتلىقتىن قۇتۇلالمىدى. شۇڭا، شەخسىي كىرىمدىن تەڭشەش بېجى ئېلىش تۈزۈلمىسىنى تۇرغۇزۇش كىرىمنىڭ يۇقىرى - تۆۋەن بولۇش پەرقىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىكى ئۈنۈملۈك ئىستراتېگىيىلىك چارە بولۇپ قالدى. شۇنىڭغا ئاساسەن باش شۇجى جياڭ زېمىن پارتىيىنىڭ مەملىكەتلىك 15 - قۇرۇلتىيىدا بەرگەن دوكلاتىدا: «قانۇنسىز كىرىمگە چەك قويۇش، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىككە چاڭ سالغانلارنى ۋە باج ئوغرىلاش، باجدىن قېچىش، هوقۇق - پۇل سودىسى قىلىشقا ئوخشاش قانۇنسىز ۋاسىتىلەر بىلەن پايدا ئالغانلارنى قانۇن بويىچە قەتئىي جازالاش كېرەك. نامۇۋاپىق كىرىمنى تەرتىپكە سېلىش، ساھە مونوپولىيىسىگە ۋە بەزى ئالاھىدە شارائىتقا تايىنىپ، شەخسلەر ئارتۇقچە كىرىمگە ئىگە بولۇۋېلىش ئەھۋالىنى تۈزىتىش شەرت. بەك يۇقىرى كىرىمنى تەڭشەپ، شەخسلەردىن تاپاۋەت بېجى ئېلىش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، مىراس بېجى ئېلىشقا ئوخشاش يېڭى باج تۈرلىرىنى يولغا قويۇش لازىم. كىرىم تەقسىماتىنى قېلىپلاشتۇرۇش، كىرىم پەرقىنى ئەقىلگە مۇۋاپىقلاشتۇرۇش، ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك.» دەپ كۆرسەتتى. نۆۋەتتە ئېلىمىز شەخسىي كىرىمدىن تەڭشەش بېجى ئېلىشتەك ئىقتىسادىي شارائىتنى هازىرلىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يۇقىرى كىرىمدىكىلەر توپى بىلەن تۆۋەن كىرىمدىكىلەر توپى بارلىققا كېلىپ، ئىككى قۇتۇپ بارا - بارا شەكىللىنىشكە باشلىدى. شۇڭلاشقا يولداش جياڭ زېمىن كۆرسەتكەندەك باج خىللىرىنى يەنىمۇ كۆپەيتىپ، باج ئېلىش سالمىقىنى ئاشۇرۇش، شەخسىي كىرىم پەرقىنى تەڭشەش قاتارلىق چارە - تەدبىرلەردە غەرب دۆلەتلىرىنىڭ شەخسىي كىرىم پەرقىنى تەڭشەش چارىلىرىنىڭ مۇۋاپىقلىرىدىن پايدىلىنىش كېرەك.

مەسىلەن، ئەنگلىيە 1994 - 1995 - يىللىرى باج تاپشۇرغۇچىلارغا قارىتا ئۈچ دەرىجە بويىچە جەملەپ باج ئېلىش نىسبىتىنى يولغا قويغان. باج نىسبىتى %20 تىن %40 كىچە بولغان. كىرىم يۇقىرى بولغانسېرى باج تاپشۇرۇشنىڭ ئالدى - كەينىدىكى كىرىم پەرقى شۇنچە چوڭ بولغان. مىراس بېجى تاپاۋەت بېجىنى تولۇقلايدىغان باج خىلى بولغان. ئۇنىڭدىن جەملەپ ئېلىنىدىغان باج نىسبىتى شەخسىي كىرىمدىن ئوتتۇرىچە ئېلىنىدىغان تاپاۋەت نىسبىتىدىن يۇقىرى بولغان. ئامېرىكىدا مىراس بېجى %55، گېرمانىيىدە %67، ياپونىيىدە %70، بېلگىيىدە %80، دانىيىدە %90 بولغان. ئۇنىڭدىن باشقا، غەربتىكى تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەر ئوخشاش بولمىغان كىرىم قاتلىمىدىكى باج تاپشۇرغۇچىلاردىن يەنە مال - مۈلۈك بېجى، خۇسۇسىي ئىستېمال بېجى، ئىجتىمائىي سۇغۇرتا بېجى قاتارلىق باجلارنى ئېلىپ، شەخسىي كىرىم پەرقىنى مۇئەييەن دەرىجىدە تۆۋەنلىتىدىكەن.

غەرب ئەللىرىنىڭ بۇنداق چارىلىرىنى ئەينەن كۆچۈرۈپ كېلىشكە بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. بىز ئۆز دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا، بولۇپمۇ باج تاپشۇرغۇچىلارنىڭ كۆتۈرۈش ئىقتىدارىغا ئاساسەن

«شەخسىي تاپاۋەت بېجى قانۇنى» نى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈشىمىز كېرەك. دەل مۇشۇنداق مەسىلىلەرگە قارىتا بېيجىڭ شەھەرلىك يەرلىك باج ئىدارىسى 1998 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ «شەخسىي تاپاۋەت بېجى بويىچە ئەمگەك مۇلازىملىق ھەققىدىن باج ئېلىشنى باشقۇرۇش سىناق ئۇسۇلى» نى يولغا قويۇشنى قارار قىلغان. بۇ قارار بويىچە مائاشتىن سىرتقى تاپاۋەتنىڭ قائىدىلىك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ھەتتا بىر يۈەندىنمۇ باج ئېلىشنى قارار قىلغان. بۇ «شەخسلەر تاپاۋەت بېجى قانۇنى» دا ئەگەر بىر قېتىملىق ئەمگەك مۇلازىملىق كىرىمى 800 يۈەنگە يەتمىسە تاپاۋەت بېجى ئېلىنمايدۇ، 800 يۈەندىن ئېشىپ كەتسە تاپاۋەت بېجى ئېلىنىدۇ، دېگەن بەلگىلىمىنى زور دەرىجىدە تولۇقلاپ، بۇ قانۇندىكى بىر بوشلۇقنى تولدۇرغان. بىر قىسىم كىشىلەر ھازىر بانكىغا قويغان ئامانەت پۇلنىڭ ئۆسۈمىدىنمۇ تاپاۋەت بېجى ئېلىشنى يولغا قويۇش كېرەكلىكى توغرىسىدا ئىزدىنىۋاتىدۇ.

بازار ئىگىلىكى قانۇن - تۈزۈملەشكەن ئىگىلىك. بارلىق بازار پائالىيەتلىرىنىڭ ھەممىسى ئىقتىسادىي قانۇن - نىزاملاردىن ئايرىلالمايدۇ. يەنى ئۇلارنىڭ ھەممىسى قانۇن - تۈزۈملەرنىڭ چەكلىمىشى ۋە يېتەكلىشىگە ئۇچرايدۇ. شۇڭلاشقا، يۇقىرىقىدەك كونكرېت ئەھۋاللارغا قارىتا ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، قانۇن - تۈزۈملەرنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. ھازىر تۇرغۇنلىغان قانۇن - نىزاملار مۇكەممەل ئەمەس، بازار ئىگىلىكى تەرەققىياتىغا ۋە ئۇنىڭ تەلىپىگە ماسلىشالمايۋاتىدۇ. بولۇپمۇ شەخسلەر تاپاۋەت بېجىدىمۇ يۇقىرىقىدەك ئەھۋاللارنىڭ كۆرۈلۈشىدە مۇھىمى «شەخسىي تاپاۋەت بېجى قانۇنى» نىڭ مۇكەممەل بولماسلىقىدىكى سەۋەب ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. شۇڭا، بازار ئىگىلىكىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان شەخسىي كىرىمدىن تېگىشەش بېجى ئېلىش تۈزۈلمىسىنى تۇرغۇزۇش، مۇكەممەل بولمىغانلىرىنى كونكرېت ئەھۋالغا قاراپ مۇكەممەللەشتۈرۈش، تولۇقلاشقا تېگىشلىكلىرىنى تولۇقلاش ئارقىلىق، ئۇنىڭ مەجبۇرلاش خاراكتېرىنى ئاشۇرۇش لازىم.

باج قانۇنىنىڭ ئادىل بولۇش پرىنسىپىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈش، بولۇپمۇ باج ئىسلاھاتىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ئېلىپ بېرىپ، باج تاپشۇرۇشتىن قانۇنلۇق قېچىش ھادىسىسىنى تەلتۆكۈس يوقىتىش كېرەك. بۇ مۇقەررەركى ئېلىمىزنىڭ باج مەنبەسىنى كۆپەيتىش، بولۇپمۇ دۆلىتىمىزنىڭ مالىيە مەبلىغىنىڭ كېلىش مەنبەسىگە تولۇق كاپالەتلىك قىلىپ، باج مەبلىغىنىڭ خەلق ئىگىلىكىدىكى رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇشتا ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

باج تاپشۇرۇشتىن قانۇنلۇق قېچىش قىلمىشى پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغاۋاتقان مۇھىم مەسىلە، مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۇ بىر خىل قانۇنىي ۋاستىنىڭ ئاجىزلىقىدىن كېلىپ چىقىۋاتقان يامان خاھىش. ئۇنىڭ بازار ئىگىلىكىگە كۆرسىتىدىغان يامان تەسىرى ناھايىتى چوڭ. شۇ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئېلىمىزدە بىر قىسىم كىشىلەر تاپاۋەت بېجى تاپشۇرماسلىقنى ئۆزلىرىنىڭ «بېيىش» يىدىكى مۇھىم ۋاستە قىلىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن باج قانۇنىنىڭ تولۇق ئىجرا قىلىنىشىغا مەلۇم تەسىر يېتىپ، باجنىڭ زور مىقداردا ئېقىپ كېتىش ئەھۋالى كېلىپ چىقتى. شۇڭا، باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، قانۇن - تۈزۈملەرنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تولۇقلاپ، باج ئوغرىلاش، باج تاپشۇرۇشتىن قېچىش، باج يوشۇرۇش، ئالدامچىلىق قىلىش قاتارلىق قىلمىشلارغا قارىتا جازا سالمىقىنى ئاشۇرۇش كېرەك. بۇ تەلەپكە يېتىش ئۈچۈن مېنىڭچە تۆۋەندىكىدەك ئىككى نۇقتىنى چىڭ تۇتۇش كېرەك:

1) باجنىڭ مەجبۇرلاش خاراكتېرىنى كۈچەيتىش، باجنىڭ قانۇن تەرتىپىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان باج تۈزۈمىنىڭ بەزى پرىنسىپلىرىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرگەن ئاساستا ئۇنىڭ قانۇنىي كۈچىنى ئاشۇرۇش لازىم. باج قانۇنى دۆلەت قانۇنىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. شۇڭا، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغان ئەھۋالغا قارىتا مەيلى ئۇ قانداق كىشى بولۇشىدىن

قەتئىينەزەر، جىنايى قىلمىشنىڭ ئېغىر - يېنىكلىكىگە قاراپ باج قانۇنىدا بەلگىلەنگەن ماددىلار بويىچە قاتتىق بىر تەرەپ قىلىش لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، باج ئورگانلىرىغا قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىش ھوقۇقىنى بېرىش، باج ئورگانلىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى باج تەكشۈرۈش ئاپپاراتلىرىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇستەھكەملەپ، باج تەكشۈرۈشنىڭ قورغانلىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، يەنە تۈرلۈك ۋاستىلەر ئارقىلىق شەكلى خىلمۇخىل بولغان باج قانۇنى تەشۋىقاتىنى كۈچەيتىش، جەمئىيەتنىڭ باج خىزمىتىنى قوللاش ئاڭلىقلىقى ۋە ئاكتىپلىقىنى كۈچەيتىش كېرەك. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە قوشۇن قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، باج خادىملىرىنىڭ پاك - دىيانەتلىك بولۇشىنى قولغا كەلتۈرۈش، شۇ ئارقىلىق باجنىڭ خەلق ئىگىلىكىدىكى ئۇلۇق رولىنى كۈچەيتىشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ئۇنىڭ قانۇنىي كۈچىنى كۈچەيتىش ۋە تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىش كېرەك.

2) «شەخسلەر تاپاۋەت بېجى قانۇنى» قاتارلىق باج قانۇنلىرىنىڭ تولۇق ۋە مۇكەممەل بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش، باج ئىسلاھاتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا چوڭقۇرلاشتۇرۇش كېرەك. نۆۋەتتە باج ئوغرىلاش قىلمىشىنىڭ كېلىپ چىقىشىدا باج قانۇنىنىڭ مۇكەممەل بولماسلىقى مۇھىم سەۋەب بولۇپ قالدى. چۈنكى، «شەخسلەر تاپاۋەت بېجى قانۇنى» نى مىسالغا ئالساقمۇ يۇقىرىقىدەك بەزى يوچۇقلار ھېلىمۇ ساقلىنىپ كېلىۋاتىدۇ. شۇڭا، مۇھىم فۇنكسىيىلىك تارماقلار، بولۇپمۇ نوپۇزلۇق باج ئورگانلىرى تەكشۈرۈش، تەتقىق قىلىشنى كۈچەيتىپ، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، كونكرېت لايىھە ۋە ماددىلار بويىچە ئەمەلىيەتنى ھەقىقىي ئەكس ئەتتۈرىدىغان قانۇنلارنى تۈرغۇزۇش كېرەك. يەنى، ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان تۈركۈمگە ئايرىپ باج ئېلىشنى تۈرگە ئايرىش بىلەن ئۇنىۋېرسال بىرلەشتۈرۈلگەن شەخسىي كىرىمدىن تاپاۋەت بېجى ئېلىش شەكلىگە ئۆزگەرتىش كېرەك؛ قانۇنىي ۋاكالەتچى بىلەن شەخسلەرنىڭ ئۆزلۈكىدىن باج تاپشۇرۇش تۈرىنى مەلۇم قىلىشىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش، ھەر ئايدا بىر قېتىم باج ئېلىشنى يىلدا بىر قېتىم تۈرلەر بويىچە يىغىپ باج ئېلىش قاتارلىق ئىسلاھات نىشانى ۋە تۈرلىرىنى تولۇقلاش، ئىسلاھ قىلىش ئارقىلىق، قانۇننىڭ ئەتراپلىق، ئىنچىكە ۋە مۇكەممەل بولۇشىغا ھەيدەكچىلىك قىلىش لازىم.

قانۇن - تۈزۈم قۇرۇلۇشى ئۈزلۈكسىز كۈچەيمۇۋاتقان ۋە قانۇن - نىزاملار يەنىمۇ مۇكەممەللەشمۇۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە «شەخسىي تاپاۋەت بېجى قانۇنى» قاتارلىق قانۇنلارنىڭ يېتەرسىزلىك تەرەپلىرىنىڭ بولۇشى تەبىئىي. چۈنكى ھازىر ئېلىمىزدە قانۇن - تۈزۈم قۇرۇلۇشى بازار ئىگىلىكىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن ئۈزلۈكسىز ئىسلاھ قىلىنىش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىدۇ. بىر قىسىم قانۇنلار تۈزۈلگەن بىلەن ئۇ بىر قەدەر مۇكەممەل ئەمەس، يەنە بىر قىسىم قانۇنلار تېخى تۇرغۇزۇلغىنى يوق. شۇڭا، ھازىرقى باسقۇچتا بىز كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ، قانۇننى مۇكەممەللەشتۈرۈش بىلەن قانۇن تۇرغۇزۇشنى كۈچەيتىشكە توغرا كېلىدۇ. ھەر تەرەپلەردىن قول تىقىپ، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى كۈچەيتىپ، قانۇننىڭ ئىقتىدارىنى ھەقىقىي كۈچەيتىمىدىغانلا بولساق، پۇقرالارنىڭ باج تاپشۇرۇشى مەجبۇرىيەتكە ئايلىنىدۇ، باج قانۇنىمۇ مۇكەممەللىشىپ، باجدىن قانۇنلۇق قېچىشنىڭ ئالدى ئېلىنىپ، باج ئېلىشباشقۇرۇشتا ياخشى ۋەزىيەتنى ساقلاپ قالغىلى، بازار ئىگىلىكىگە ماس كېلىدىغان باج قانۇن - نىزاملىرىنى بەرپا قىلىپ، كىرىمدىكى پەرقنى بارا - بارا تەڭشەپ، ئورتاق بېيىش نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

(ئاپتور شىنجاڭ مالىيە - ئىقتىساد ئىنىستىتۇتى «شىنجاڭ مالىيە - ئىقتىسادى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدىن)

# 20 يىلدىن بۇيانقى دۆلىتىمىزنىڭ دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى

△ جاڭ گوئەن △

1978 ـ يىلى چاقىرىلغان پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك
مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنى ۋە شۇ يىغىندا
ۋۇجۇدقا كەلگەن يولداش دېڭ شياۋپىڭ يادرولۇقىدىكى ئىك-
كىنچى ئەۋلاد رەھبەرلىك كوللېكتىپى پۈتۈن پارتىيىگە
سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى كۈچەيتىش، سوتسىيالىس-
تىك قانۇنچىلىقنى مۇكەممەللەشتۈرۈش چاقىرىقىنى ئوتتۇ-
رىغا قويۇپ، دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە
ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ يېڭى دەۋرىنى ئاچتى. 20
يىلدىن بۇيان، دۆلىتىمىز سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە
قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىدا شانلىق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈر-
دى. بۇ نەتىجىلەرنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى تۆۋەندىكىدەك
بەش تەرەپتە ئىپادىلىنىدۇ.

**بىرىنچى، خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ
دائىمىي كومىتېتلىرى دېموكراتىيە ۋە قانۇن-
چىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ بىرىنچى سېپىدە تۇر-
دى، شۇنداقلا ئۇنىڭ ھاكىمىيەت ئورگىنىلىق
ئورنى ۋە رولىغا ھۆرمەت قىلىندى ۋە ئۇ
جارى قىلدۇرۇلدى، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈ-
مى كۈندىن ـ كۈنگە مۇستەھكەملەندى ۋە
مۇكەممەللەشتۈرۈلدى.**

11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3 ـ ئومۇمىي
يىغىنىدىن كېيىن، ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى يەرلىك
ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ دائىمىي كومىتېت-
لىرى ئارقا ـ ئارقىدىن قۇرۇلدى، ئاساسىي قانۇن ۋە بىر
تۈركۈم مۇھىم قانۇنلارنىڭ تۈزۈپ چىقىلىشىغا ئەگىشىپ،
يەرلىك دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگانلىرىنىڭ ھوقۇقى بىر قە-
دەر ياخشى يۈرگۈزۈلدى، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى خېلى
زور تەرەققىياتقا ئېرىشتى. قانۇن چىقىرىش، نازارەتچى-
لىك، قارار قىلىش، كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش، ۋە-
زىپىدىن قالدۇرۇش قاتارلىق فۇنكسىيىلىرى يەنىمۇ كۈچەي-
تىلدى؛ سايلام تۈزۈمى ئۈزلۈكسىز ئۆزگەرتىلىپ، نامزات
كۆرسىتىش ئۇسۇلى، سايلىغۇچىنىڭ سايلانغۇچىنى چۈشە-
نىش ئۇسۇلى ۋە سايلامغا تەكلىپ بېرىش ئۇسۇلى مۇكەم-
مەللەشتۈرۈلۈپ، ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە، ئەڭ ئىلغار بول-
غان ئىختىساسلىقلار سايلاپ چىقىلىپ، ئۇلار دۆلەتنىڭ
ھاكىمىيەت ئورگانلىرى، مەمۇرىي ئورگانلىرى، سوت ئور-
گانلىرى، تەپتىش ئورگانلىرىدىكى مۇھىم ئورۇنلارغا خىز-
مەتكە قويۇلدى. خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنىڭ رولىنى
تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ۋەكىللەر سايلى-
غۇچىلارغا مەسئۇل بولۇش، سايلىغۇچىلارغا خىزمىتىدىن
دوكلات بېرىش، ئۇلارنىڭ سۈرۈشتۈرمىسىنى قوبۇل قى-
لىش تۈزۈمى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈلدى، خەلق ۋە-
كىللەرنى ھەقىقىي، ئۈنۈملۈك نازارەت قىلىدىغان، ۋەكىل-
لەر سايلىغۇچىلارنىڭ ئارزۇسىغا، ئىرادىسىگە تېخىمۇ ياخ-
شى ۋەكىللىك قىلىدىغان، خەلققە ۋاكالىتەن دۆلەت ھاكى-
مىيەت ئورگانلىرىنى ۋە ئۇنىڭ خىزمەتچىلىرىنى نازارەت
قىلىدىغان بولدى. نۆۋەتتە مەملىكەت بويىچە ناھىيە دەرىجى-
لىكتىن يۇقىرى خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي
كومىتېتلىرىدىن جەمئىي 3235 ى، يېزىلىق، بازارلىق
خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياسەتچىلىكىدىن 45 مىڭ 227 سى،
ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىدىن 3 مىليون
300 مىڭ كىشى بار، ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خەلق
قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ ئورگان خىزمەتچىلى-
رى 80 مىڭغا يېتىدۇ. يولداش لى پېڭ: «خەلق قۇرۇلتى-
يى دائىمىي كومىتېتى دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇ-
لۇشىنىڭ بىرىنچى سېپىدە تۇرۇۋاتىدۇ. بۇنداق 〈بىرىنچى
سەپ〉 نىڭ رولى، خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي
كومىتېتىنىڭ دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنى بولۇشتەك ئورنى
ۋە رولى بىلەن بىردەك» دەيدۇ.

**ئىككىنچى، قانۇن چىقىرىش قەدىمى
تېزلىتىلىپ، قانۇن چىقىرىش سۈپىتى يۇقى-
رى كۆتۈرۈلدى. قانۇن چىقىرىش خىزمىتى
كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشتى، جۇڭ-
گوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىستىك**

**قانۇن سىستېمىسىنىڭ ئاساسىي رامكىسى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى.**

قانۇن چىقىرىش قانۇننى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش ياكى شەكىللەندۈرۈش جەريانى، يەنى ئاساسلىنىدىغان قانۇن بولۇش» نىڭ ئەمەلگە ئېشىش شەكلى، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ ئاساسلىق ھالقىسى، ئۇ قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، شۇنداقلا قانۇنغا چوقۇم ئاساسلىنىش، قانۇننى ئىجرا قىلىشتا قاتتىق بولۇش، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغۇچىلارنى سۈرۈشتە قىلىشنىڭ مۇھىم ئالدىنقى شەرتى. 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنى سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى كۈچەيتىش، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىقنى مۇكەممەللەشتۈرۈش فاڭجېنىنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن، دۆلىتىمىزنىڭ قانۇن چىقىرىش خىزمىتى ھەقىقىي تەرەققىيات باسقۇچىغا كىردى.

*بىرىنچى، دۆلىتىمىزنىڭ ئەھۋالىغا ماس كېلىدىغان قانۇن چىقىرىش تۈزۈلمىسى ئورنىتىلدى.* 1982 - يىلى تۈزۈلگەن ئاساسىي قانۇندا دۆلىتىمىز تۆت دەرىجىلىك قانۇن چىقىرىش تۈزۈلمىسىنى بېكىتتى. يەنى دۆلەتنىڭ قانۇن چىقىرىش ھوقۇقىنى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى بىر تۇتاش يۈرگۈزىدۇ، گوۋۇيۈەن ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارغا ئاساسەن مەمۇرىي نىزاملارنى تۈزۈش ھوقۇقىغا ئىگە؛ ئۆلكە دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى ئاساسىي قانۇن، قانۇنلار، مەمۇرىي نىزاملار بىلەن زىت بولۇپ قالماسلىق شەرتى ئاستىدا يەرلىك نىزاملارنى تۈزسە بولىدۇ؛ ئۆلكە مەركىزى ۋە گوۋۇيۈەن تەستىقلىغان چوڭراق شەھەر، ئاپتونوم ئوبلاست، ئاپتونوم ناھىيىلەردىكى خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى يۇقىرىدا ئېيتىلغان قانۇن، نىزاملار بىلەن زىت بولماسلىق شەرتى ئاستىدا، ئۆز يېزىسىنىڭ يەرلىك نىزامى ياكى ئاپتونومىيە نىزامى، يەككە نىزامنى تۈزۈپ، ئۆلكىلىك ياكى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ تەستىقلىشىغا يوللايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، گوۋۇيۈەننىڭ ھەر قايسى مىنىستىرلىك كومىتېتلىرى، ئۆلكە دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى، ئۆلكە مەركىزى ۋە چوڭراق شەھەرلەرنىڭ خەلق ھۆكۈمەتلىرى قانۇن، نىزاملارنىڭ روھىغا ئاساسەن ھۆكۈمەت قائىدىلىرىنى تۈزۈپ، شۇ دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرىغا ئەنگە ئالدۇرسا بولىدۇ.

*ئىككىنچى، قانۇن چىقىرىش قەدىمى تېزلىتىلىپ، قانۇن چىقىرىش سۈرئىتى يۇقىرى كۆتۈرۈلدى، جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىستىك قانۇن سىستېمىسىنىڭ ئاساسىي رامكىسى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى.* 1998 - يىلى 12 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە بولغان 20 يىل ۋاقىت ئىچىدە، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى جەمئىي 346 قانۇن ۋە قانۇنغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر توغرىسىدىكى قارارنى ماقۇللىدى، گوۋۇيۈەن 700 دىن ئارتۇق مەمۇرىي نىزام تۈزدى، يەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتلىرى 6000 دىن ئارتۇق يەرلىك نىزام تۈزدى، مەركەزدىكى ھەر قايسى تارماقلار ۋە يەرلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى يەنە بىر قاتار مەمۇرىي قائىدىلەرنى تۈزۈپ چىقىپ ئېلان قىلدى، ئاساسىي قانۇننى ئاساس قىلغان ھەق تەلەپ قانۇنى، جىنايى ئىشلار قانۇنى، دەۋا قانۇنى، ئىقتىسادىي قانۇن، مەمۇرىي جازا قانۇنى قاتارلىق نېگىزلىك قانۇنلارنى ئاساس قىلغان، مەزمۇنى مول بولغان نىزام ۋە قائىدىلەر تولۇقلىما قىلىنغان سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق سىستېمىسىنىڭ ئاساسىي رامكىسى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندۈرۈلۈپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىساد، سىياسەت، مەدەنىيەت ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىدە ئاساسىي جەھەتتىن ئاساسلىنىدىغان قانۇن بولۇش ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

*ئۈچىنچى، بىر يۈرۈش ھەقىقىي يولغا قويۇشقا بولىدىغان قانۇن چىقىرىش تەرتىپى ئورنىتىلدى.* مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئىش قائىدىسى، دائىمىي كومىتېت ئەزالىرىنىڭ ئىش قائىدىسى، كومىتېت باشلىقلىرى يىغىنى ئىش قائىدىسى، دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر رىئايە قىلىدىغان تەرتىپلەر قاتارلىق قانۇنلارنى تۈزۈپ، قانۇن چىقىرىش تەرتىپىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ خىزمەت تەرتىپىگە قارىتا ئېنىق بەلگىلىمىلەرنى چىقىرىپ، قانۇن چىقىرىش تەرتىپىنى تەدرىجىي شەكىللەندۈردى ۋە قېلىپلاشتۇردى. گوۋۇيۈەن 1987 - يىلى مەمۇرىي نىزام تۈزۈش تەرتىپى ۋاقىتلىق بەلگىلىمىسىنى تۈزدى. قانۇن چىقىرىش ھوقۇقىغا ئىگە كۆپ ساندىكى يەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىمۇ مەخسۇس

قانۇن چىقىرىپ يەرلىك قانۇن - نىزاملارنى تۈزۈش تەرتىپىگە قارىتا بەلگىلىمە چىقاردى.

*ئۈچىنچى، بىر تۈركۈم سەممىي، كەسپچانلىقى كۈچلۈك، ئىستىلى دۇرۇس بولغان قانۇن چىقىرىش قوشۇنى تەربىيىلەندى ۋە يېتىشتۈرۈلدى.* مۆلچەرلىنىشچە، بۇ قوشۇن 2000 كىشىدىن ئارتۇق بولۇپ، ئېغىر، كونكرېت بولغان قانۇن چىقىرىش خىزمىتىنى زىممىسىگە ئالغان.

*بەشىنچى، قانۇن چىقىرىشنىڭ ئىلمىيلىكى ۋە پىلانلىقلىقى كۈچەيتىلدى.* قانۇن چىقىرىش ئورگانلىرى قانۇن چىقىرىش پىلانىنى بېكىتىش ئارقىلىق قانۇن چىقىرىش خىزمىتىنىڭ ئىلمىيلىكى ۋە پىلانلىقلىقىنى كۈچەيتتى. 1981 - يىلى گوۋۇيۈەن 1982 - يىلدىن 1986 - يىلغىچە بولغان ئىقتىسادىي قانۇن چىقىرىش پىلانىنى تەستىقلىدى ۋە تۈزدى. 1986 - يىلى گوۋۇيۈەن يەنە 7 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىكى قانۇن چىقىرىش پىلانىنى تەستىقلىدى ھەمدە ھەر بىر يىلدىكى قانۇن چىقىرىش پىلانىنى تۈزۈپ چىقتى. 8 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 1993 - يىلى 1993 - يىلدىن 1997 - يىلغىچە بولغان بەش يىللىق قانۇن چىقىرىش پىلانىنى تۈزدى، شۇنداقلا ھەر بىر يىلدىكى قانۇن چىقىرىش پىلانىنى تۈزدى. قانۇن چىقىرىش ھوقۇقىغا ئىگە يەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىمۇ ئۆز جايلىرىنىڭ بەش يىللىق پىلانىنى تۈزۈپ چىقتى. نۆۋەتتە، 9 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 1998 - يىلدىن 2002 - يىلغىچە بولغان بەش يىللىق قانۇن چىقىرىش پىلانىنى تۈزۈپ بولدى.

**ئۈچىنچى، قانۇن ئىجرا قىلىش بىلەن قانۇن ئىجراسىنى نازارەت قىلىش سىستېمىسى تەدرىجىي مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، قانۇن ئىجرا قىلىش سالمىقى ئۈزلۈكسىز زورايتىلدى، قانۇن ئىجرا قىلىش سەۋىيىسى ئۈزلۈكسىز ئۆستى، قانۇن بويىچە مەمۇرىيەت يۈرگۈزۈش، ئەدلىيىدە ئادىل بولۇش قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ ئاساسىي تەلىپىگە ئايلاندى، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرى تەدرىجىي يوسۇندا قانۇنچىلىق ئىزىغا چۈشتى.**

*بىرىنچى، قانۇن ئىجرا قىلىش سىستېمىسى تەدرىجىي مۇكەممەللەشتۈرۈلدى.* 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت ج خ، تەپتىش، سوت ئورگانلىرى خىزمەت تۈرى بويىچە مەسئۇل بولۇش، ئۆز ئارا ماسلىشىش، ئۆز ئارا چەكلەشتىن ئىبارەت ئەدلىيە سىستېمىسىنى ئەسلىگە كەلتۈردى ۋە ئورناتتى، ئەدلىيە مەمۇرىيىتى، دۆلەت بىخەتەرلىكى قاتارلىق قانۇن ئىجرا قىلغۇچى ئورگانلار كۈچەيتىلدى ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇلدى، قانۇن مەسلىھەتچىلىكى ئورۇنلىرى، گۇۋاھلىق ئورۇنلىرى، ئادۋوكاتلار ئىش بېجىرىش ئورۇنلىرى ئارقا - ئارقىدىن قۇرۇلدى ۋە مەلۇم كۆلەمگە ئىگە بولدى.

*ئىككىنچى، ئەدلىيە تۈزۈمى تەدرىجىي مۇكەممەللەشتۈرۈلدى.* 20 يىلغا يېقىن ئىزدىنىش ئارقىلىق، دۆلىتىمىزنىڭ ئەدلىيە تۈزۈمى كۈندىن - كۈنگە مۇكەممەللەشتۈرۈلدى: جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈلۈشكە ئەگىشىپ، دۆلىتىمىزدە جىنايەتچىلەرنى جازالاش بىلەن كىشىلىك ھوقۇقنى كاپالەتلىك قىلىش بىرلەشتۈرۈلگەن جىنايى ئىشلار دەۋا تۈزۈمى ئورنىتىلدى؛ ھەق تەلەپ دەۋا قانۇنىغا ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈلۈشىگە ئەگىشىپ، دۆلىتىمىزدە خەلقئارادىكى ئىلغار سەۋىيە بىلەن ماس قەدەمدە رىقابەتلىشەلەيدىغان ھەق تەلەپ دەۋا تۈزۈمى شەكىللەندى؛ مەمۇرىي دەۋا قانۇنىنىڭ ئېلان قىلىنىشىغا ئەگىشىپ، دۆلىتىمىز بىرىنچى قېتىم «ئاما رەھبەر ئۈستىدىن ئەرز قىلالايدىغان» مەمۇرىي دەۋا تۈزۈمىنى بېكىتتى.

*ئۈچىنچى، قانۇن بويىچە مەمۇرىيەت يۈرگۈزۈش بارغانسېرى ئېتىبارغا ئېلىندى ۋە كۈچەيتىلدى.* بىرىنچىدىن، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئورگانلار ئىچىدە، مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ سالمىقى ئەڭ چوڭ، تارماقلىرى ئەڭ كۆپ. بۇ تارماقلار پرىنسىپ جەھەتتە بەلگىلىك مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش ۋەزىپىسىنى زىممىسىگە ئالغان. ئىككىنچىدىن، مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ مەمۇرىي باشقۇرۇش دائىرىسى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەر قايسى تەرەپلىرىگە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۇنىڭ قانۇن ئىجرا قىلىش پائالىيىتى كۆپ خىل بولۇش، كەڭ دائىرىلىك بولۇش، ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا بىۋاسىتە ئالاقىدار بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. ئۈچىنچىدىن، دۆلىتىمىزنىڭ قانۇن سىستېمىسىدا، تەخمىنەن 80% تىن ئارتۇق قانۇن ۋە نىزامنى مەمۇرىي ئورۇنلار ئىجرا قىلىدۇ، شۇڭلاشقا پۈتكۈل قانۇن ئىجرا قىلىش پائالىيىتى جەريانىدا، بەمۇرىي ئورۇنلارنىڭ قانۇن ئىجرا قىلى-

شى ئىنتايىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ.

*تۆتىنچى، قانۇن ئىجراسىنى نازارەت قىلىش سىستې-*
*مىسى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈلدى.* بىرىنچىدىن،
ھەر دەرىجىلىك ھاكىمىيەت ئورگانلىرىنىڭ ئاساسىي قا-
نۇن، قانۇنلارنى يولغا قويۇشىغا قارىتا نازارەتچىلىك ئۈز-
لۈكسىز كۈچەيتىلدى، ھۆكۈمەت ۋە ئىككى مەھكىمىگە قا-
رىتا قانۇن نازارەتچىلىكى ۋە خىزمەت نازارەتچىلىكى كۈچەي-
تىلىپ، قانۇن بويىچە مەمۇرىيەت يۈرگۈزۈش، ئەدلىيىدە
ئادىل بولۇش ئىشقا ئاشۇرۇلدى. ئىككىنچىدىن، تەپتىش
ئورگانلىرىنىڭ قانۇن نازارەتچىلىك خىزمىتى ئۈزلۈكسىز
ياخشىلاندى ۋە كۈچەيتىلدى. تەپتىش ئورگانلىرى دۆلەتنىڭ
قانۇن نازارەتچىلىك ئورگىنى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئاسا-
سىي قانۇن ۋە جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنى، ھەق تەلەپ دەۋا
قانۇنى، مەمۇرىي دەۋا قانۇنىدا بەلگىلەنگەن نازارەتچىلىك
مەسئۇلىيىتىنى ئەستايىدىل ئادا قىلىپ، قانۇن ئىجراسىنى
نازارەت قىلىش خىزمىتىنى تەدرىجىي كۈچەيتتى، قانۇننىڭ
قاتتىق ئىجرا قىلىنىشىغا تۈرتكە بولۇپ، ئەدلىيىنىڭ ئادىللى-
قىنى ۋە قانۇننىڭ بىرلىكى، توغرا يولغا قويۇلۇشىنى قوغ-
دىدى. ئۈچىنچىدىن، يۇقىرى دەرىجىلىك سوت ئورگانلى-
رىنىڭ تۆۋەن دەرىجىلىك سوت ئورگانلىرىنىڭ سوت خىز-
مىتىگە بولغان نازارەتچىلىكى ۋە يېتەكچىلىكى كۈچەيتى-
لىپ، سوت نازارەتچىلىكىنىڭ سەۋىيىسى ئۈزلۈكسىز ئۆس-
تۈرۈلدى. ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرى سوت
نازارەت خىزمىتىگە ئېتىبار بېرىپ، ئادىل بولمىغان كېسىم
ۋە ئىجرا قىلىش داۋامىدىكى خاتا قىلمىشلارنى قانۇن بويىچە
قەتئىي تۈزەتتى. تۆتىنچىدىن، مەمۇرىي نازارەتچىلىكنىڭ
رولى ھەقىقىي جارى قىلدۇرۇلدى. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش
يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلى-
رى قانۇن بويىچە ئىلگىرى ـ ئاخىر دۆلەت ئىقتىسادىي
تەپتىش ئورگىنى، مەمۇرىي تەپتىش ئورگانلىرىنى قۇردى
ھەمدە ئىقتىسادىي تەپتىش، مەمۇرىي تەپتىش تۈزۈلمىسىنى
ئۈزلۈكسىز ئىسلاھ قىلىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئۇلار-
نىڭ مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلدۇرۇپ، ئىقتىسادىي
تەپتىش، مەمۇرىي تەپتىش نازارەتچىلىكى خىزمىتىنى ھەقى-
قىي ئۈنۈملۈك قانات يايدۇردى. ھازىر ھەر دەرىجىلىك
خەلق ھۆكۈمەتلىرىدە ئىقتىسادىي تەپتىش، مەمۇرىي تەپتىش
تارماقلىرى بولۇپ، ھەر قايسى مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قى-
لىش ئورگانلىرى، كەسپىي، كارخانا ئورۇنلار، تەشكىلات-
لار ئىچكى قىسمىدا ئىقتىسادىي تەپتىش، مەمۇرىي تەپتىش
ئاپپاراتلىرىنى تەسىس قىلىپ، دەسلەپكى قەدەمدە ئىچكى
ـ تاشقى جەھەتتىن بىرلەشكەن قانۇنچىلىق نازارەتچىلىكى
مېخانىزمى شەكىللەندى. بەشىنچىدىن، ھەر قايسى ئىجتى-
مائىي نازارەتچىلىكنىڭ رولى تولۇق جارى قىلدۇرۇلدى.
ئالتىنچىدىن، سۈرۈشتۈرۈش ۋە تۆلەم تۈزۈمى ئورنىتى-
لىپ، نازارەتچىلىك ئۈنۈمى ئاشۇرۇلدى، تۈرلۈك نازارەت-
چىلىك تەدبىرلىرى ئەمەلىيلەشتۈرۈلدى. 1995 ـ يىلى
دۆلەت تۆلەم قانۇنى رەسمىي يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، پۈ-
تۈن مەملىكەت بويىچە ئوتتۇرا دەرىجىلىكتىن يۇقىرى سوت
مەھكىمىلىرىدە تۆلەم كومىتېتى تەسىس قىلىندى، باشقا
قانۇن ئىجرا قىلىش ئورۇنلىرىدىمۇ، خاتا بېجىرىلگەن دېلو-
لارنى سۈرۈشتۈرۈش، تۆلەم بېرىش قاتارلىق رەھبەرلىك
گۇرۇپپىلىرى قۇرۇلدى.

**تۆتىنچى، قانۇنچىلىق تەشۋىقات تەربى-**
**يىسى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى، رەھبە-**
**رىي كادىرلار باشلامچىلىق بىلەن قانۇن ئۆ-**
**گەندى، قانۇننى ئىشلەتتى. پۇقرالارنىڭ قا-**
**نۇنچىلىق ساپاسى كۆرۈنەرلىك يۇقىرى كۆ-**
**تۈرۈلدى.**

1986 ـ يىلدىن باشلاپ، پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا
پۇقرالارغا تەشكىللىك، قەدەم ـ باسقۇچلۇق ھالدا قانۇن
ساۋاتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش تەربىيىسى ئېلىپ بېرىپ،
ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىدە قانۇنچىلىق تەشۋىقات
تەربىيىسى رەھبەرلىك ئاپپاراتى تەسىس قىلىندى،

رەھبىرىي كادىرلار باشلامچىلىق بىلەن قانۇن ئۆگەن-
دى، قانۇننى ئىشلەتتى، بۇ ياخشى ئۈلگىلىك رول ئويناپ،
قانۇنچىلىق تەشۋىقات تەربىيە خىزمىتىنىڭ يەنىمۇ يۇقىرى
باسقۇچقا قاراپ تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈردى.
1994 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى مەركىزىي كومىتېت
تۈنجى قارار قانۇن بىلىملىرىدىن لېكسىيە سۆزلەش پائالى-
يىتى ئۇيۇشتۇردى، جياڭ زېمىن قاتارلىق دۆلەت رەھبەر-
لىرى خۇادۇڭ سىياسىي ـ قانۇن ئىنستىتۇتىنىڭ پروفېس-
سورى ساۋ جيەنمىڭنىڭ خەلقئارا سودا قانۇنى تۈزۈمى ۋە
تاموژنا باش كېلىشىمى توغرىسىدىكى لېكسىيىسىنى قىز-
غىنلىق بىلەن ئاڭلىدى. باش شۇجى جياڭ زېمىن لېكسىيە
باشلىنىشتىن بۇرۇن مۇنداق دېدى: «ناھىيە دەرىجىلىكتىن
يۇقىرى پارتىيە، ھۆكۈمەت كادىرلىرى قانۇن بىلىملىرىنى
ۋە ئىلىم ـ پەن بىلىملىرىنى تىرىشىپ ئۆگىنىشى، ھەر

دەرىجىلىك رەھبەرىي كادىرلار قانۇن ۋاسىتىلىرىدىن پايدىلىنىپ ئىگىلىك باشقۇرۇش، جەمئىيەتنى باشقۇرۇش سەۋىيىسىنى تىرىشىپ يۇقىرى كۆتۈرۈشى كېرەك». شۇنىڭدىن كېيىن 1998 - يىلى 12 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە، مەركىزىي كومىتېت ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ يەتتە قېتىم قانۇنچىلىق لېكسىيىسى ئۇيۇشتۇردى. دۆلەتنىڭ ئەڭ ئالىي ھاكىمىيەت ئورگىنى بولغان مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 1998 - يىلى ئالتە قېتىم قانۇنچىلىق لېكسىيە سۆزلەش پائالىيىتى ئۇيۇشتۇردى.

پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئەھمىيەت بېرىشى ۋە كەڭ كۆلەمدە قاتنىشىشى ئارقىلىق، قانۇنچىلىق تەشۋىقات تەربىيىسى زور نەتىجىلەرگە ئېرىشتى، خەلقنىڭ قانۇنچىلىق ساپاسى كۆرۈنەرلىك ئۆسكەنلىكى بۇنىڭ ئەڭ روشەن ئىپادىسى. بۇنىڭدىن باشقا، ھەق تەلەپ دېلولىرى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يىلىغا 10% تىن ئېشىۋاتىدۇ، ئىقتىسادىي دېلولار بولسا يىلىغا 18% تىن ئېشىۋاتىدۇ. بۇ ئاممىنىڭ قانۇندىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ قانۇنلۇق مەنپەئىتىنى قوغدىغانلىقى، ئەرز قىلىشنى، سوتقا بېرىشنى ھەرگىز نومۇس دەپ بىلمەي، ھەممىدە پاكىتنى ئاساس قىلىپ، قانۇننى ئۆلچەم قىلىشنى بىلگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

**بەشىنچى، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ رەھبەرلىك كوللېكتىپى دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىغا بارغانسېرى ئەھمىيەت بەردى. دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ مۇھىم ئىشلىرى كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزدى. قانۇن بويىچە دۆلەتنى ئىدارە قىلىش ئومۇمىي پىلانىنىڭ بېكىتىلىشى پارتىيىمىزنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئۇسۇلى ۋە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش سەۋىيىسىنىڭ مۇكەممەللىشىپ پىشىپ يېتىلگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ، دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ تېخىمۇ يېڭى يۇقىرى باسقۇچقا قەدەم قويغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.**

يولداش دېڭ شياۋپىڭ جۇڭگودىكى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ باش لايىھىلىگۈچىسى ۋە ئىككىنچى ئەۋلاد رەھبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ يادروسى بولۇش سۈپىتى بىلەن 1978 - يىلى سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ ئاساسىي فاڭجېنىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇپ، قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنغا قويغان. ئۇ ئوتتۇرىغا قويغان «ئاساسلىنىدىغان قانۇن بولۇش، قانۇنغا چوقۇم ئاساسلىنىش، قانۇن ئىجرا قىلىشتا قاتتىق بولۇش، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانلارنى چوقۇم سۈرۈشتۈرۈش» تىن ئىبارەت قانۇنچىلىق ئىدىيىسى، دۆلىتىمىز دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ ئاساسىي پرىنسىپى ۋە فاڭجېنى بولۇپ قالدى. ئۇ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «خەلق دېموكراتىيىسىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، قانۇنچىلىقنى كۈچەيتىش كېرەك. دېموكراتىيىنى تۈزۈملەشتۈرۈش، قانۇنلاشتۇرۇش كېرەك، بۇ خىل تۈزۈم ۋە قانۇن ھەرگىزمۇ رەھبەرىي كادىرلارنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگەرمەسلىكى، ھەرگىزمۇ رەھبەرىي كادىرلارنىڭ كۆز قارىشىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگەرمەسلىكى كېرەك.» ئۇ يەنە تەكىتلەپ مۇنداق دېدى: «دېموكراتىيىدە قەتئىي چىڭ تۇرۇش، قانۇنچىلىقتا قەتئىي چىڭ تۇرۇش لازىم. بۇ خۇددى ئىككى قولغا ئوخشايدۇ. ھەرقانداق بىرسىنى بوشاشتۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ.»

يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى ئۈچىنچى ئەۋلاد مەركىزىي كومىتېت رەھبەرلىك كوللېكتىپى دېڭ شياۋپىڭنىڭ دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق ئىدىيىسىدە چىڭ تۇردى، بولۇپمۇ دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش فاڭجېنىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدى، بۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئۇسۇلى ۋە دۆلەتنى ئىدارە قىلىش ئۇسۇلىنىڭ زور دەرىجىدە ئۆزگەرگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. 1996 - يىل 2 - ئاينىڭ 6 - كۈنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئۇيۇشتۇرغان قانۇنچىلىق لېكسىيىسىدە، باش شۇجى جياڭ زېمىن تۇنجى بولۇپ دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش ئىدىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. 1997 - يىل 9 - ئايدىكى پارتىيە 15 - قۇرۇلتىيىدا، باش شۇجى جياڭ زېمىن دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى دۆلەتنى ئىدارە قىلىش ئومۇمىي تەدبىرى يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرۈپ، سوتسىيالىستىك قانۇن ئارقىلىق باشقۇرۇلىدىغان دۆلەت قۇرۇش نىشانىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدى، دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ مۇھىم ئىشلىرى كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈلدى.

(«ئەنخۇي خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلىنىڭ
99 - يىللىق 3 - سانىدىن)

نۇسرەت كېۋىر تەرجىمىسى

# چىرىكلىشىشنىڭ ئىپادىسى بولغان ئومۇمنىڭ پۇلىغا يەپ - ئىچىش، ئويۇن - تاماشا قىلىش شامىلىنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبلىرى ۋە ئۇنى تۈزەش، تىزگىنلەش تەدبىرى توغرىسىدا

△ مۇختار مۇھەممەت △

ئومۇمنىڭ پۇلىغا يەپ - ئىچىش، ئويۇن - تاماشا قىلىش چىرىكلىكنىڭ بىر خىل ئىپادىسى بولۇپ، بۇ ۋاقتىدا توسۇلۇپ ھەل قىلىنمىسا، پارتىيە، ھۆكۈمەت كادىرلىرىنى چىرىتىپ، دۆلەتنى مۇنقەرز بولۇش گىردابىغا ئېلىپ بارىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغاپ، تۈشمۇ - تۈشتىن غەيرەتكە كېلىپ، بۇ خىل ئەھۋاللارنىڭ يىلتىز تارتىپ كېلىمات بولۇپ شەكىللىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش نۆۋەتتىكى تەخىرسىز جىددىي ۋەزىپە. شۇڭا مەن بۇ ماقالەم ئارقىلىق چىرىكلىشىشنىڭ بىر خىل ئىپادىسى بولغان ئومۇمنىڭ پۇلىغا يەپ - ئىچىش، ئويۇن - تاماشا قىلىش شامىلىنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبى ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرى توغرىسىدا توختىلىپ ئۆتىمەن.

ئومۇمنىڭ پۇلىغا يەپ - ئىچىش، ئويۇن - تاماشا قىلىشتەك چىرىكلىشىش ئەھۋالىنىڭ يامراپ كېتىش سەۋەبىنى ئاساسلىقى تۆۋەندىكى بىر قانچە نۇقتىغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

بىرىنچىدىن، تارىختىن قېپقالغان فېئوداللىق قالدۇق ئىدىيەنىڭ تەسىرى سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ مەنپىي تەسىرى بىلەن ئۆزئارا باغلىنىپ، يەپ - ئىچىش، ئويۇن - تاماشا قىلىش شامىلىنىڭ پەيدا بولۇشىنى، يامراپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

جۇڭگو نەچچە مىڭ يىللىق فېئوداللىق تارىخقا ئىگە چوڭ دۆلەت. فېئوداللىزم ئىدىيىسىنىڭ يىلتىزى چوڭقۇر، نۆۋەتتە بىر قىسىم كىشىلەر ئارىسىدا ئېقىۋاتقان «پۇل ھەممىگە قادىر» دېگەن جاھاندارچىلىق پەلسەپىسى دەل فېئوداللىق ئىدىيىنىڭ ئىنكاسىدۇر. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش جەريانىدا، بەزى ئورۇنلار ۋە شەخسلەر مەلۇم ئىقتىسادىي مۇددىئاغا يېتىش ئۈچۈن، ئومۇمنىڭ پۇلىغا يەپ - ئىچىشنى بىر خىل قولايلىق ئۇسۇل قىلىۋالغان. بىزنىڭ بەزى پارتىيىلىك كادىرلىرىمىز ۋە پۇل، ماددىي نەرسىلەرنى باشقۇرىدىغان ئەمەلىي ھوقۇقى بار كىشىلەر فېئوداللىق ئىمتىياز ئىدىيىسىنىڭ تەسىرى بىلەن قولىدىكى ھوقۇقىنى ئالاھىدە، تاۋار ۋە شەخسىي مەنپەئەتنى ئالماشتۇرىدىغان پۇل قاتارىدا ئىشلىتىپ، قارشى تەرەپنىڭ رايىغا بېقىپ، جەمئىيەتتە يەپ - ئىچىش، ئويۇن - تاماشا قىلىشتەك چىرىكلىشىش ئادەتلىرىنىڭ يامراپ كېتىشىگە مەدەت بەرگەن.

ئىككىنچىدىن، كەڭ پارتىيە ئەزالىرى ۋە كادىرلارغا بولغان جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىشتەك ئەنئەنىۋى تەربىيىنىڭ ۋە تەشۋىقات، جامائەت پىكرىنىڭ سالمىقى يېتەرلىك بولمىدى. جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىش بىر خىل ئىدىيىۋى قاراش سۈپىتىدە، راھەتپەرەسلىك، پۇلپەرەسلىك ۋە ئۆچىغا چىققان شەخسىيەتچىلىك بىلەن زادىلا سىغىشالمايدۇ. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىۋاتقان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەن، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى راۋاجلاندۇرۇلۇۋاتقان شارائىتتا، بەزىلەر ئەمەلىيەتتە پارتىيىنىڭ جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىشتەك ئېسىل ئەنئەنىسىنى پۈتۈنلەي تاشلىۋەتتى. ئومۇمنىڭ پۇلىغا يەپ - ئىچىپ، مېھمان چاقىرىپ، سوۋغا تەقدىم قىلىپ ۋە دۆلەتنىڭ كۆپلىگەن مال - مۈلكىنى بۇزۇپ - چېچىپ، پارتىيە ئىستىلىنى ۋە ئىجتىمائىي كەيپىياتنى بۇزدى. بۇنداق ناتوغرا ئىستىللارغا قارىتا، بىزدە داغدۇغا، قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە تەشۋىقات جامائەت پىكرى كەمچىل بولغاچقا، «چاشقان كوچىدىن ئۆتسە، ھەممە كىشى ئۇر - ئۇر» دەيدىغان جامائەت كۈچى بېسىمى ياكى جامائەت نازارەتچىلىكى شەكىللەنمىدى. «زىيان تارتىش نەزەرىيىسى»، «كىچىك ئىشنى چوڭايتىپ كۆرسىتىش نەزەرىيىسى» ھەتتا ئىقتىسادنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشىنى ئومۇمنىڭ پۇلىغا يەپ - ئىچىشنى توسۇشقا دۆڭگەپ قويۇشتەك خاتا قاراشلار ئومۇمنىڭ پۇلىغا يەپ - ئىچىشنى توسۇشنىڭ سالمىقىغا بىۋاسىتە تەسىر يەتكۈزدى.

ئۈچىنچىدىن، پۇختا مەشغۇلاتچانلىققا ئىگە چەكلەش مېخانىزمى كەمچىل بولغاچقا، ئومۇمنىڭ پۇلىغا يەپ - ئىچىش ئەھۋالى ئۈنۈملۈك ھالدا توسۇلمىدى. يېقىنقى بىر قانچە يىلدىن بۇيان، مەركەزدىن تارتىپ جايلارغىچە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدىن تارتىپ كارخانا، كەسپىي ئورۇنلارغىچە ئومۇمنىڭ پۇلىغا يەپ - ئىچىش شامىلىنى توسۇشقا دائىر تۈرلۈك بەلگىلىمىلەر تۈزۈلگەن بولسىمۇ،

لېكىن بۇ بەلگىلىمىلەر كۆرسىتىشكە تېگىشلىك كۈچىنى كۆرسىتەلمىدى. بۇنداق بولۇشىدا بەزى بەلگىلىمىلەر تازا دېگەندەك مۇكەممەل ئەمەس. زۆرۈر بولغان كونكرېت چەكلەش - نازارەت قىلىش مېخانىزمى كەمچىل.

تۆتىنچىدىن، قويۇلغان تەلەپ قاتتىق ئەمەس، تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش كۈچلۈك ئەمەس. ئومۇمنىڭ پۇلىغا يەپ - ئىچىش شامىلىنىڭ قايتا - قايتا چەكلىسىمۇ تۈگىمەسلىكىدىكى سەۋەبلەرنىڭ بىرى شۇكى، ئۇنى چەكلەش توغرىسىدا سۆزلەش كۆپ بولسىمۇ، بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلغۇچىلارنى كەسكىن بىر تەرەپ قىلىپ، ئەمەلىنى ئېلىپ تاشلاش، ۋەزىپىدىن قالدۇرۇش ياكى پارتىيە ئىنتىزامى، مەمۇرىي ئىنتىزام بويىچە جازا بېرىش ئىنتايىن ئاز بولدى. بۇ خۇددى كىشىلەرنىڭ ئادەتتە «ئاغزىدا سۆزلەيدۇ، قەغەزگە يازىدۇ، تامغا چاپلايدۇ، يەرگە تاشلايدۇ، ئەمەلىيلەشمەيدۇ» دەپ يۈرگىنىدەك بولۇۋاتىدۇ. شۇڭا نۆۋەتتە خەلق ئاممىسى بىلەن كادىرلارنىڭ، پارتىيە بىلەن ئاممىنىڭ قان بىلەن گۆشتەك مۇناسىۋىتىگە زىيان يەتكۈزۈۋاتقان بۇ خىل ئەھۋاللارنى قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، زور كۈچ سەرپ قىلىپ، ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىپ توسۇش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن:

بىرىنچىدىن، قاتلامموقاتلام تونۇشنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ بۇ ناتوغرا ئىستىلنى توسۇش ئىشەنچىسى ۋە ئىرادىسىنى چىڭىتىش لازىم.

ئومۇمنىڭ پۇلىغا يەپ - ئىچىش، ئويۇن - تاماشا قىلىش پارتىيە بىلەن ئاممىنىڭ قان بىلەن گۆشتەك مۇناسىۋىتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىپلا قالماي، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشكىمۇ تەسىر يەتكۈزدى ۋە دەخلى قىلدى. شۇڭا بۇ ناتوغرا ئىستىلنى توسۇشنىڭ مۇھىملىقىنى ۋە تەخىرسىزلىكىنى پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشىنى مۇستەھكەملەش، دۆلەتنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقىغا كاپالەتلىك قىلىش نۇقتىسىدىن چوڭقۇر چۈشىنىش، قەتئىي، ئىگىلمەس ئىرادە بىلەن ھەر خىل توساقلارنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئىككىلەنمەي ئاخىرغىچە تۇتۇش كېرەك.

ئىككىنچىدىن، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرىي كادىرلار ۋە رەھبەرىي ئورگانلار ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، پاك - ئىنتىزامچان بولۇش، باشلامچىلىق بىلەن ئۈلگە كۆرسىتىشنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك. ئومۇمنىڭ پۇلىغا يەپ - ئىچىش، ئويۇن - تاماشا قىلىش مەسىلىسىدە زىددىيەتنىڭ ئاساسىي تەرىپى رەھبەرىي كادىرلار ۋە رەھبەرىي ئورگانلارنىڭ خىزمەتچىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭلاشقا ئالدى بىلەن ھەر دەرىجىلىك رەھبەرىي كادىرلار ۋە رەھبەرىي ئورگانلاردىن باشلاپ تۈزىتىش كېرەك. بولۇپمۇ ھەر دەرىجىلىك رەھبەرىي ئورگانلاردىكى ئادەم، مالىيە، ماددىي نەرسىلەر ۋە ھەر خىل پىلان كۆرسەتكۈچى، قىس ماددىي ئەشيالارنى بىۋاسىتە باشقۇرىدىغان يولداشلارغا تېخىمۇ قاتتىق تەلەپ قويغاندا، ئاندىن يەپ - ئىچىش، ئويۇن - تاماشا قىلىش شامىلى زور دەرىجىدە ئازىيىدۇ.

ئۈچىنچىدىن، قائىدە - تۈزۈملەرنى ساغلاملاشتۇرۇپ، چەكلەش مېخانىزمىنى كۈچەيتىش كېرەك.

تۈزۈم ئورنىتىشتا ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىش، ئۈنۈمگە ئېتىبار بېرىش، شەكىلۋازلىق قىلماسلىق، ئىجرا قىلىشقا بولىدىغان بولۇش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا ماس كېلىدىغان نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈش تۈزۈمىنى ئورنىتىش كېرەك.

تۆتىنچىدىن، رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، ھەقىقىي تۇتۇپ، ئەمەلىي ئىشلەش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتلەر قاتلاممۇقاتلام مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ئورنىتىش، پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ بىرىنچى قول رەھبەرلىرى بۇ خىزمەتنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىنى سورۇشتۇرۇپ تۇرۇشى، ساقلىنىۋاتقان ئاساسلىق مەسىلىلەرنى ئۆز ۋاقتىدا بايقىشى ۋە ھەل قىلىشى كېرەك. مۇندىن باشقا، ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە ئورگانلىرى ئۆز قوشۇن قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ ئىشنى ئۆزىدىن باشلاپ تۇتۇش، ئاممىنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ، پاش قىلىش، ئاخبارات ئورگانلىرىنى جامائەت پىكرى ئارقىلىق نازارەت قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈش، ھەر قايسى تەرەپلەرنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ، يەپ - ئىچىش شامىلىنى توسۇش خىزمىتىگە ھەيدەكچىلىك قىلىش ۋە ئۇنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. بولۇپمۇ قائىدە - تۈزۈملەرنى بىلىپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلغان كىشىلەردىن بىرى بولسا بىرنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش، جازالاشقا تېگىشلىكلەرنى قاتتىق جازالاش، ئاشكارىلاشقا تېگىشلىك بولغانلارنى ئاشكارىلاش، ھەرگىز مادارا قىلماسلىق لازىم. ئۆلچەمدىن ئاشۇرۇپ كۈتۈۋالغان ياكى ساختىپەزلىك قىلغان ئورۇنلاردىكى رەھبەرلەرنىڭ ۋە مالىيىگە مەسئۇل كىشىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى قاتتىق سۈرۈشتە قىلىش كېرەك.

قىسقىسى، ھەر خىل خاتا ئىدىيەلەرنىڭ كاشىلىسىنى چىقىرىپ تاشلاپ، ئالدىلىق ھالدا ئىشنى رەھبەرىي ئورگانلاردىن، رەھبەرىي كادىرلاردىن باشلاپ، ئۇزاققىچە داۋاملاشتۇرۇپ، ھەقىقىي تۇتۇپ، ئەمەلىي ئىشلىگەندە، ئومۇمنىڭ پۇلىغا يەپ - ئىچىش، ئويۇن - تاماشا قىلىش شامىلىنى توسۇشتا چوقۇم زور ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ.

(ئاپتور ئونسۇ ناھىيىلىك پارتكوم پارتىيە مەكتىپىدىن)

# تەكلىماكاندىكى دەندان ئۆيلۈك خارابىسى

△ مۇھەممەتتۇرسۇن سىدىق △

مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياۋروپالىق مەشھۇر ئېكسپېدىتسىيىچى ئاۋرېل ستەيىن تەكلىماكاندىكى قەدىمكى ئىزلارنى تەكشۈرۈش مەقسىتىدە ئېلىپ بارغان بىرىنچى قېتىملىق ئېكسپېدىتسىيە پائالىيىتى جەريانىدا توپلىغان ماتېرىياللارغا ئاساسلىنىپ يېزىپ چىققان «قەدىمكى خوتەن» دېگەن كىتابىدا تەكلىماكاندىكى قەدىمكى ئىزلار، جۈملىدىن خوتەن رايونىدىكى قەدىمكى شەھەر ـ قەلئەلەر خارابىلىرى توغرىسىدا مول مەنبەلىك ئۇچۇر ـ مەلۇماتلارنى قالدۇرغانىدى.

كېيىنكى ۋاقىتلاردا بۇ رايوندا كۆپ قېتىم ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش ـ تەكشۈرۈشلەر ئېلىپ بېرىلىپ، ستەيىن تىلغا ئالغان خېلى كۆپ شەھەر ـ قەلئە خارابىلىرى تېپىلغان بولسىمۇ، «دەندان ئۆيلۈك» دەپ ئاتالغان بىر قەدىمكى خارابە ھېلىغىچە ئۆزىنى ئاشكارىلىمىدى. ۋەھالەنكى، ستەيىن بۇ جايدا قىسقىغىنە ئۈچ ھەپتە قېزىش ئېلىپ بېرىش جەريانىدا نۇرغۇنلىغان ئىبادەتخانا، ئىمارەت ئىزلىرىنى، ئاھالىلەر تۇرالغۇلىرىنىڭ خارابە ئىزلىرىنى بايقىغان بولسىمۇ، پەقەت 14 يەردىكى ئىمارەت دۆۋىسىنىلا قېزىپ چىقالىغان، تارىشتا ۋە قەغەزگە پۈتۈلگەن ھەر خىل يېزىقلاردىكى ھۆججەت ـ ۋەسىقىلەر، قەدىمكى پۇللار، 7 ـ ئەسىردىكى غەربىي يۇرت رەسساملىق سەنئىتىنىڭ ئاجايىپ ئۆزگىچىلىكلىرىدىن بىشارەت بېرىدىغان نەپىس رەسىم ئۆرنەكلىرى، قاپارتما نەقىش ئۈلگىلىرىنى ۋە بۇددا دىنىغا ئائىت تام سۈرەتلىرىنى (تام سۈرەتلىرىنى رەسىمگە ئېلىۋالغان) ساندۇقلاپ ئېلىپ مېڭىپمۇ يەنە بۇ جايدىن مېھرىنى ئۈزەلمەي كەتكەنىدى. كېيىن ئۇ مۇنداق يازغانىدى: «... مەن بۇ يەرگە كېلىشتىن بۇرۇنقى مىڭ يىلنىڭ مابەينىدە دەندان ئۆيلۈك سىرلىق جىمجىتلىققا چۆمگەن ۋە ئۇنىڭ ئىز ـ دېرىكىنى قىلىدىغان ئادەم چىقمىغانىدى. مەن كەتكەندىن كېيىن ئۇ يەنە بۇرۇنقىدەكلا ئۇن-تىنسىز ئۆتۈۋەرگۈسى ...»①

دەرۋەقە، ئارىدىن بىر ئەسىرگە يېقىن ۋاقىت ئۆتكەن بولسىمۇ، كىشىلەر «دەندان ئۆيلۈك» دېگەن نامنى بىلسىمۇ، بۇ جاينىڭ كونكرېت ئورنىنىڭ قەيەرلىكىدىن خەۋەرسىز قېلىۋەردى.

مانا بۇ نامى ئېنىق، ئورنى نائېنىق جاي يېقىندا شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى تەشكىللىگەن يەتتە كىشىلىك تەكشۈرۈش ئەترىتى تەرىپىدىن تېپىلىپ، بۇ قەدىمكى ماكاننىڭ يۈز يىللىق ئۇيقۇسى بۇزۇلدى. تەكشۈرۈش ئەترىتى 1996 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا بۇ جاينى تەكشۈرۈشكە باشلىغان بولۇپ، 12 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بولغان 20 نەچچە كۈن ۋاقىت ئىچىدە سۈنئىي ھەمراھ ئارقىلىق نۇقتا بەلگىلەپ، سۈرەت تارتىپ قايتا ـ قايتا سېلىشتۇرۇش، تەھقىقلەش ئېلىپ بېرىپ، دەندان ئۆيلۈك خارابىسىنىڭ چىرا ناھىيە دامىكۇ يېزىسىنىڭ شىمالىدىكى قۇملۇقتا دامىكۇ يېزىسىدىن 91 كىلومېتىر يىراقلىقتا ئىكەنلىكىنى، ھازىرقى دائىرىسىنىڭ تەخمىنەن بىر كۋادرات كىلومېتىر ئەتراپىدا ئىكەنلىكىنى دەسلەپكى قەدەمدە مۇئەييەنلەشتۈرۈپ چىقتى ②

ئىگىلىنىشچە، تەكشۈرۈش خادىملىرى بۇ جايدىن ئەينەك مارجان، سىپتا ئىشلەنگەن ساپال پارچىلىرى، يۇڭ رەخت ۋە گىلەم توقۇشتا ئىشلىتىلىدىغان ئارقاق قاتارلىق يادىكارلىقلارنى تاپقان. ستەيىن بۇ جايدىن تېپىۋالغان بەزى ھۆججەتلەردىكى يىلناملىرىغا قاراپ، دەندان ئۆيلۈكنىڭ V Ⅱ ئەسىرلەرگىچە بۇددا دىنى راسا گۈللەنگەن ئاۋات بىر شەھەر ئىكەنلىكىنى، V Ⅱ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ قۇمغا كۆمۈلۈشكە (خارابىلىشىشقا) باشلىغانلىقىنى مۇقىملاشتۇرغانىكەن.

دەندان ئۆيلۈك خارابىسىنىڭ تېپىلىشى — ئاپتونوم رايونىمىز ئارخېئولوگىيە خىزمىتىنىڭ يەنە بىر مۇۋەپپەقىيىتى بولۇپ، بۇ جاينىڭ گۈللەنگەن ۋە خارابىلاشقان دەۋرى، قەدىمكى نامى ۋە باشقا تەرەپلىرىگە ئائىت تېخىمۇ ئېنىق يەكۈن پات ئارىدا مەلۇم بولغۇسى.

ئىزاھات:

① پېترخوپكىرك (ئەنگلىيىلىك): «يىپەك يولىدىكى ئەجنەبىي ئالۋاستىلار» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ 90 ـ يىل 11 ـ ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى 134 ـ بەت.

② 1997 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنىدىكى «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 1 ـ بېتى «ئالىملار دەندان ئۆيلۈكنى تاپتى».

(ئاپتور قاراقاش ناھىيە تۇۋەت يېزىلىق خەلق ھۆكۈمىتىدىن)

## بۈگۈن خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئۆۋال قىلىنىپ 20 يىل جازا ئۆتىگەن، 20 يىل جاپالىق ئەرز قىلىپ، قارا چېچى ئاق چاچقا ئايلانغان ... يېتىپ ئاشقىچە خورلۇق تارتقان گاۋچاڭ جياڭنى پاكلىققا ۋە ئادىللىققا ئېرىشتۈردى

## 40 يىللىق ئۆۋاللىق ئاخىرى ئاقلاندى

△ جاۋ يۇ △

جىلىن ئۆلكە تۇڭخۇا شەھەرلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى 1998 - يىل 27 - ئۆكتەبىر كۈنى بىر جىنايى ئىشلار ھۆكۈمنامىسىنى چىقاردى، ئۇنىڭدا: «ليۇخې ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى ئېلان قىلغان (58) 264 - نومۇرلۇق ۋە تۇڭخۇا ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى ئېلان قىلغان (81) 5 - نومۇرلۇق جىنايى ئىشلار ھۆكۈمنامىسىدىكى جاۋابكار گاۋچاڭ جياڭ، سۈۋېنلىنغا جىنايەت بېكىتىپ جازا ئۆلچىگەن قىسمى بىكار قىلىنسۇن» ؛ «جاۋابكار گاۋچاڭ جياڭ، سۈۋېنلىنلار جىنايەتسىز دەپ جاكارلانسۇن» دېيىلگەن. مىي خېكۇ شەھىرى شىنخې بازىرى دېشېڭ كەنتىدىكى دېھقان گاۋچاڭ جياڭ بۇ ھۆكۈمنامىنى قولىغا ئالغاندا كۆز يېشى ئىختىيارسىز تۆكۈلدى. كۈتكىنىگە توپ - توغرا 40 يىل بولغان، ئۆزى ئۈستىدىكى ناھەقچىلىقلىقنى ئاقلايدىغان بۇ كۈن ئاخىرى يېتىپ كەلگەنىدى!

> — بالا - قازا كۆرۈنۈپ كەلمەس،
> پۇت - قولىنى ساڭگىلىتىپ —

1958 - يىلى «قاينام - تاشقىنلىق» چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش ھەرىكىتى جۇڭگونى بىر تەلۋىلىك يىللارغا ئېلىپ كىرگەنىدى. شەرقى شىمالنىڭ بىر چەت يىراق تاغلىق رايونى — جىلىن ئۆلكە ليۇخې ناھىيىسى گەرچە باشقا جەھەتتە تونۇلمىغان بولسىمۇ، لېكىن «لۇڭ خۇجۇن» ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھى پاش قىلىنغانلىقى تۈپەيلىدىن كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىغانىدى. بۇ قانداق ئىش بولغىيدى؟

ئەينى ۋاقىتتىكى سىياسىي ۋەزىيەتتە شېڭ شۈي بازىرى ۋۇداجا كەنت باشلانغۇچ مەكتىپىدىكى خەلق ئوقۇتقۇچىسى لى ۋېنجەن خىزمەت كۆرسىتىش مەقسىتىدە پاش قىلىش ماتېرىيالى توقۇپ چىقىپ، يۇڭ شېڭ كەنت باشلانغۇچ مەكتىپىدىكى ۋاكالىتەن دەرس ئۆتكۈچى مۇئەللىم گاۋچاڭ جياڭ «ھازىرقى ۋەزىيەتكە نارازى بولۇپ، ئەكسىلئىنقىلابىي تەشكىلات ‹لۇڭ خۇجۇن› نى تەشكىللەش قەستىدە بولۇۋاتىدۇ» دەپ پاش قىلىدۇ.

ماتېرىيال يۇقىرىغا يوللانغاندىن كېيىن، ناھىيىلىك پارتكوم گويا گۆھەر تېپىۋالغاندەك، ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسىگە دەرھال پاش قىلىش خىزمىتى ئىشلەشكە يوليورۇق بېرىدۇ.

قىشنىڭ بىر كۈنى كەچلىك تاماقتىن كېيىن، بىرى گاۋچاڭ جياڭغا مەكتەپكە يىغىنغا بېرىشنى ئۇقتۇردى. ئۇ مەكتەپكە يېتىپ بېرىشىغا ئەتراپتا يوشۇرۇنۇپ تۇرغان ج خ خادىملىرى ئېتىلىپ چىقىپ، بىرەر ئېغىز سۆزمۇ قىلالماي ئۇنىڭ قولىغا كويزا سالدى. گاۋچاڭ جياڭ شۇندىلا ئۆزىنىڭ «لۇڭ خۇجۇن» ئەكسىلئىنقىلابىي تەشكىلاتقا قاتناشقانلىقىنى، يەنە كېلىپ «جۇنجاڭ» ئىكەنلىكىنى بىلدى. گاۋچاڭ جياڭ «لۇڭ خۇجۇن» نىڭ باشقا 12 ئەزاسىنىڭ ئىسمىلىكىنى ئۇقۇپ يا يىغلاشنى، يا كۈلۈشنى بىلەلمەي قالدى، چۈنكى ئۇ ئىسىملىك ئىچىدىكىلەر ئىچىدە ئۆزى بىلەن ۋاڭ يۈچۈن ئىككىسى خەلق ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ، قالغانلىرى كەنتتىكى يۇۋاش دېھقانلار ئىدى.

تاپتىن چىقىپ كەتكەن يېرى شۇكى، دېلو بېجىرگۈچىلەر مۇشۇ دېلودىكى جىنايەت پاكىتلىرىنى تولۇقلاش ئۈچۈن، «لۇڭ خۇجۇن» ئەزالىرىنى ج خ ئىدارىسىدىكى بىر مۆپىدا ئولتۇرغۇزۇپ، ئۇلارنىڭ ھەر خىل شەكىلدە سۆزلىشىۋاتقان ھالىتىنى سۈرەتكە ئالغان، دېمەك بۇ سۈرەتلەر «لۇڭ خۇجۇن» نىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي ھەرىكەت ئېلىپ بېرىۋاتقانلىقىنىڭ بىۋاسىتە پاكىتى قىلىنغان.

ئارىدىن يەتتە كۈن ئۆتتى، 1958 - يىلى 10 - دېكابىر كۈنى، ليۇخې ناھىيىلىك سوت مەھكىمىسى جاۋابكار گاۋچاڭ جياڭنى نەق ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھتىكى بىرىنچى دەرىجىلىك ئۇنسۇر قىلىپ بېكىتىپ، مۇددەتلىك 20 يىللىق قاماق جازاسى بېرىشنى ھۆكۈم قىلدى؛ سۈۋېنلىننى مەزكۇر دېلودىكى تايانچى ئۇنسۇر قىلىپ، مۇددەتلىك ئون يىللىق قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلدى ...

شۇندىن ئېتىبارەن گاۋچاڭ جياڭ 20 يىل تۈرمىدە ياتىدىغان ناھەقچىلىق سەپىرىنى باشلىدى.

## — جاپالىق ئېلىشىش —

گاۋچاڭ جياڭ تۈرمىگە كىرگەن كۈندىن باشلاپ: مەن ئۇۋال قىلىندىم، كىشىلەر بەربىر بىر كۈنى ھەقىقىي ئەھۋالنى ئېنىقلاپ، مېنىڭ پاكلىقىمغا ئىشىنىدۇ دەپ ئىشەنچ باغلىغانىدى. شۇڭا، ئۇ بىر ياقتىن تۈرمىدىكى ئۆگىنىش ۋە ئەمگەككە قاتنىشىپ، يەنە بىر ياقتىن ئالاقىدار تارماقلارغا خەت يېزىپ، ئۆزىنىڭ بەختسىزلىككە ئۇچرىغانلىقى توغرىسىدا ئەرز بېرىپ تۇردى.

ئۇ گەرچە توختىماي خەت، ئەرز يېزىپ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ يازغان خەتلىرى سۇغا چۈشكەن تاشتەك جاۋابسىز قالدى. بۇ خەتلەر ئەكسىنچە گاۋچاڭ جياڭنىڭ «جىنايىتىنى تونۇش پوزىتسىيىسى ياخشى ئەمەس» ، «ئۆزگەرتىشكە قارشى تۇردى» دېگەن پولاتتەك پاكىتقا ئايلاندى. شۇ سەۋەبتىن، گاۋچاڭ جياڭ جازا مۇددىتىنى قىسقارتىشقا بىر قېتىممۇ ئېرىشەلمەي، تولۇق 20 يىل تۈرمىدە يېتىپ چىقتى.

1978 ـ يىلى دېكابىردىكى قۇياش پارلاپ تۇرغان بىر كۈنى 44 ياشلىق گاۋچاڭ جياڭ تۈرمە دەرۋازىسىدىن چىقتى. يېپيېڭى، ساپ ھاۋادىن قايتا ھوزۇرلاندى.

بۇ ۋاقىت دەل پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 ـ ئومۇمىي يىغىنى ئېچىلغانلىقىغا توغرا كەلدى. قالايمىقانچىلىقنى ئوڭشاپ، خاتالىقنى تۈزىتىشتىن ئىبارەت باھار شامىلى گاۋچاڭ جياڭنىڭ قەلبىنى ئۇرغۇتتى.

گاۋچاڭ جياڭ دەسلىپىدە ليۇخې ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىگە ئەرز سۇنۇپ، دېلونى ئاقلاشنى تەلەپ قىلدى. ئالاقىدار كىشىلەر جاۋاب بېرىپ: «ئاقلاشنى تەلەپ قىلىۋاتقانلار يالغۇز سەنلا ئەمەس، بىر تۇتاش مۇزاكىرە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، قايتىپ ساقلىغىن» دېدى. بىر مەزگىل ساقلىغاندىن كېيىن، بىرسى ئۇنىڭغا: «سېنىڭ دېلورۇڭ تۇڭخۇا ۋىلايەتلىك خەلق سوت مەھكىمىسىگە يوللاندى، شۇلارنى ئىزدىگىن» دېدى. لېكىن تۇڭخۇا ۋىلايەتلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ دېلو بېجىرگۈچىلىرى بۈگۈنى خىزمەت ئالدىراش، ۋاقىت يوق دېسە، ئەتىسى مۇزاكىرە قىلىمىز، مۇزاكىرە قىلمىساق بولمايدۇ، دېدى.

گاۋچاڭ جياڭ ئىلاجىسىز پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىغا بېرىپ ئەھۋال ئېيتىپ ئەرز سۇنۇشقا باشلىدى.

1980 ـ يىلى دېكابىردا گاۋچاڭ جياڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى كۆتۈرۈپ، تۇڭخۇا ۋىلايەتلىك پارتكوم ئورگىنىنىڭ كارىدورىغا بالدۇرلا كىرىپ ئولتۇردى. ساۋ فامىلىلىك مۇئاۋىن ۋالىي ئۇنىڭ دېلو ئەھۋالىنى تەپسىلىي سورىدى ھەمدە گاۋچاڭ جياڭنىڭ قولىدىكى بارلىق ماتېرىياللارنى ئەستايىدىل كۆرۈپ چىقتى. بۇ مۇئاۋىن ۋالىي ماتېرىياللارنى كۆرگەنسېرى ئاچچىقىنى باسالمىدى. تېلېفون ئارقىلىق ئەرزىيەت ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى بىلەن ۋىلايەتلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ شۇ دېلوغا مەسئۇل كوللېگىيە باشلىقىنى دەرھال چاقىرىپ كەلدى.

ۋىلايەتلىك خەلق سوت مەھكىمىسى شۇئان ئادەم تەشكىللەپ ئاشۇ دېلونى قايتا تەكشۈرۈشكە كىرىشىپ، 1981 ـ يىلى 29 ـ دېكابىر جىنايى ئىشلار ھۆكۈمنامىسى چىقاردى. قانداقتۇر تارىخىي چەكلىمىدىن بولدىمۇ ياكى ئادەم سەۋەبىدىن بولدىمۇ، بۇ ھۆكۈمنىڭ ئالدى ـ كەينى قارىمۇقارشى بولۇپ، روشەن يوچۇق بار ئىدى، جاۋابكار گاۋچاڭ جياڭ، سۆۋېنلىنىڭ جىنايىتىنى بېكىتىش ۋە جازا ئۆلچىمى ئۆزگەرتىلمەي، باشقا جاۋابكارلارغا قىلىنغان ھۆكۈم ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانىدى.

بۇنىڭغا گاۋچاڭ جياڭ ئەلۋەتتە قايىل بولمايتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ يەنە دەرھال ئەھۋال ئېيتىپ ئەرز قىلىش مۇساپىسىنى باشلىۋەتتى. ئۇن نەچچە يىل ئىچىدە ئۇ 18 قېتىم بېيجىڭغا، 40 نەچچە قېتىم ئۆلكە مەركىزىگە باردى. كۆپلىگەن ئورگانلارغا كىردى، ئەرزىيەت خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خادىملار ئۇنى كۆرسە بېشى ئاغرىيدىغان بولدى، ئۇ «ئەرز قىلىش كەسپىي ئائىلىسى» گە ئايلىنىپ قالدى. ئۇنىڭ يۇقىرىغا سۇنغان بارلىق ئەرز قىلىش ماتېرىيالى ئالاقىدار تارماقلارنىڭ تۈگىمەس مۇزاكىرىسى ۋە ئالاقە سەپىرىدىن كېيىن، خۇددى ئۆزىگە ئوخشاش ئەسلى يۇرتى تۇڭخۇا ۋىلايەتلىك سوت مەھكىمىسىنىڭ ھەل قىلىشىغا قايتىپ كەلدى، دېلو مۇشۇنداق قىلىپ بېسىلىپ قېلىۋەردى.

## — بەخت قۇشى قونۇش —

گاۋچاڭ جياڭ ئۆز دېلوسىنى تۈيۈق يولغا كىرىپ قالغان ئوخشايدۇ دەپ، قانداق قىلىشنى بىلەلمەي تۇرغاندا، بىر ئاغىنىسى ئۇنىڭغا: «ھازىر كۆپلىگەن ئۇۋال قىلىنغان، يالغان، خاتا بېجىرىلگەن دېلولار خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارەت قىلىشى بىلەن تۈزىتىلىۋېتىپتۇ، شۇڭا سەن خەلق قۇرۇلتىيىنى ئىزدەپ باققىن! » دېدى.

گاۋچاڭ جياڭ سىناپ كۆرۈش نىيىتى بىلەن تۇڭخۇا شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىغا ھال ـ

ئەھۋال ئېيتقىلى باردى. شۇنىڭ بىلەن ئويلىمىغان يەردىن ئەھۋالدا ئۆزگىرىش كۆرۈلدى.

تۇڭخۇا شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئىچكى ئىشلار - ئەدلىيە كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ۋاڭ بىن، مۇئاۋىن مۇدىرى گې لىخۇالار گاۋچاڭ جياڭنى قىزغىن كۈتۈۋالدى، ئۇنىڭ دېلو ئەھۋالىنى ئىنچىكە سورىدى، بارلىق ئەرز ماتېرىياللىرىنى ئەستايىدىل مۇزاكىرە قىلىپ، بۇ دېلو ئەھۋالىنىڭ ئېغىرلىقىنى ھېس قىلىپ، بۇ دېلونى خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى مۇدىرلار يىغىنىدا مۇزاكىرە قىلىشقا سۇندى. مۇدىرلار بىردەك بۇ دېلودىكى پاكىتلار ئېنىق ئەمەس، گۇمانلىق نۇقتىلىرى بەك كۆپ ئىكەن دەپ قارىدى. قانۇنغا، خەلققە مەسئۇل بولۇش روھى بىلەن دەرھال تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى قۇرۇشنى، شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ئەن شىرىنىڭ باشچىلىقىدا بۇ دېلونى ئەلتۆكۈس تەكشۈرۈشنى قارار قىلدى.

تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى دېلو يۈز بەرگەن جاي — لىيۇخې ناھىيە شىڭ شۈي بازىرى يۈڭشىڭ كەنتىگە چوڭقۇر چۆكۈپ، «لۇڭ خوجۇن» نىڭ قىسمەن «ئەزالىرى»، يەرلىك كادىر ۋە ئاممىنى زىيارەت قىلدى، ئەينى ۋاقىتتىكى ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى، ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ دېلو بېجىرگۈچى ئاساسلىق خادىملىرىدىن ئەھۋال ئىگىلىدى. ئۇلار 70 ياشقا يېقىنلىشىپ قالغان بوۋاي بولۇپ، گەرچە ئارىلىقتىن 40 يىل ئۆتكەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ دېلو ھازىرقىدەكلا ئېسىدە بار ئىدى.

ئۇلارنىڭ گۇۋاھلىق سۆزى ئاساسەن ئوخشاش بولدى: بۇ دېلو تامامەن يوق يەردىن توك ئۇندۇرۇپ، خىيالىي ياساپ چىقىلغان، ئەينى زاماندىكى سىياسىي كۈرەشكە ماسلىشىش ئېھتىياجى ئۈچۈن ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان چوڭ بىر ئۇۋال قىلىنغان دېلودۇر.

تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ئەھۋالنى شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى مۇدىرلار يىغىنىغا مەخسۇس دوكلات قىلدى، مۇدىرلار يىغىنى مۇزاكىرە قىلىپ، «لۇڭ خوجۇن» ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھىدىن ئىبارەت بۇ دېلو تامامەن ئۇۋال قىلىنغان دېلو دەپ قاراپ، تۇڭخۇا شەھەرلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ تۈزىتىشىنى، تېز ئاقلىشىنى تەلەپ قىلدى.

تۇڭخۇا شەھەرلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ پىكرىگە ئاساسەن، 1995- يىلى بۇ دېلونى قايتىدىن تەكشۈرۈپ، ھەقىقەتەن ئۇۋال قىلىنغان دېلو ئىكەنلىكىنى بېكىتتى، قانۇن تەرتىپى بويىچە پۈتۈن ئارخىپ ماتېرىيالىنى جىلىن ئۆلكىلىك يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىگە يوللىدى. ئۆلكىلىك يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى 1995 - يىلى سېنتەبىردە بۇ دېلونى ئالىي سوت مەھكىمىسىدىن پىكىر ئېلىش ئۈچۈن يوللاپ بەردى.

جىلىن ئۆلكىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئىچكى ئىشلار - ئەدلىيە كومىتېتىمۇ بۇ دېلوغا ئارىلىشىپ، ئۇنىڭ بېجىرىلىش ئەھۋالىغا نازارەت قىلدى.

1998 - يىلى جىلىن ئۆلكىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى بۇ دېلونى نۇقتىلىق نازارەتچىلىك قىلىدىغان ئون دېلونىڭ بىرسى قىلدى. ئۆلكىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇۋەققەت مۇدىرى ساڭ فېڭۋېن بۇ دېلوغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈپ، دېلونىڭ تەكشۈرۈلۈش ئەھۋالىنى كۆپ قېتىم سورۇشتۇردى؛ ئۆلكىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ سىياسىي قانۇن خىزمىتىگە مەسئۇل مۇئاۋىن مۇدىرى لى جېڭۋېن بەزى مەسىلىگە كونكرېت بىر تەرەپ قىلىش پىكرى بەردى؛ ئۆلكىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ئىچكى ئىشلار - ئەدلىيە كومىتېتى بۇ دېلونىڭ بېجىرىلىشىگە نازارەتچىلىك قىلىشقا مەسئۇل بولۇپ، نازارەتچىلىك قىلىش خىزمىتىنىڭ ئۈنۈملۈك ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلدى. تۇڭخۇا شەھىرىدىكى ئۈچ نەپەر مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلىمۇ ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىگە بىرلىكتە خەت يېزىپ، بۇ دېلو توغرىسىدا تېزرەك جاۋاب بېرىشنى تەلەپ قىلدى.

1998 - يىل 7 - ئاۋغۇست، ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى گاۋچاڭ جياڭغا ئەكسىلئىنقىلابىي جىنايەت بېكىتكىلى بولمايدۇ دەپ جاۋاب قايتۇردى.

تۇڭخۇا شەھەرلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ پىكرىگە ئاساسەن، 1998 - يىلى 27 - ئۆكتەبىر كۈنى مۇشۇ ماقالىنىڭ بېشىدا بايان قىلىنغان ھۆكۈمنى چىقاردى.

دېلو ئەھۋالى ئانچە مۇرەككەپ بولمىغان ئۇۋال قىلىنغان بۇ دېلو 40 يىلنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ ئاندىن تۈزىتىلدى. بۇ كىشىلەرنى چوڭقۇر ئويغا سالدى. 40 يىل ئىچىدە گاۋچاڭ جياڭ تويغىچە خورلاندى، جاپا - مۇشەققەتنى يەتكىچە تارتتى. ئۇۋال قىلىنىپ 20 يىل جازا ئۆتىدى، 20 يىل جاپالىق ئەرز قىلدى، بىر ئۆمرى بىكار ئۆتتى، ئۇنىڭ ئايالى ئاجرىشىپ، بالىلىرى تارىلىپ، يەككە - يىگانە يالغۇزلۇقتا، تاغدىكى بىر كىچىك كەپىدە ئۇزۇن ۋاقىت ئولتۇردى، تىلەمچىلىك قىلىپ جېنىنى باقتى. ئۇنىڭ ئاشۇنداق ئېچىنىشلىق ھالىتىنى كۆرگەنلا كىشىنىڭ يۈرىكى ئېزىلىدۇ ... بۈگۈن بۇلۇت ۋە تۇمانلار تاراپ، گاۋچاڭ جياڭ كۆك ئاسماننى قايتا كۆردى.

تەرجىمە قىلغۇچى دالاباي

## چارباغ يېزىسىدا خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى ياخشى ئىشلەندى

لوپ ناھىيىسىدىكى چارباغ يېزىلىق خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياسىتى ئۆزىنىڭ فۇنكسىيىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ دېموكراتىك سىياسىي قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، قانۇنلاردا بېرىلگەن ھوقۇقلارنى ئەستايىدىل يۈرگۈزۈپ، يېزىلارنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي مۇقىملىقىنى قوغداپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشتى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، يېزىلىق خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياسىتى تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى بوشاشتۇرماي چىڭ تۇتۇپ، ناھىيە ۋە يېزىدىن ئىبارەت ئىككى دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ۋە كەڭ سايلىغۇچىلار ئارىسىدا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ماقۇللىغان «يېزىلىق، مىللىي يېزىلىق (بازارلىق) خەلق قۇرۇلتىيى خىزمەت نىزامى» نى ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىگەنلىكتىن، پۈتۈن يېزىدىكى ۋەكىللەر ۋە كەڭ سايلىغۇچىلارنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىگە بولغان تونۇشى زور دەرىجىدە ئۆستى، يېزىلىق خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياسىتى ئۆز ئەمەلىيىتىگە ئاساسەن بىر قاتار قائىدە-تۈزۈملەرنى يولغا قويۇپ، ۋەكىللەرنىڭ مەسئۇلىيەت ۋە بۇرچ تۇيغۇسىنى كۈچەيتتى. بۇنىڭ بىلەن رەھبەرلەر ۋە خەلق ۋەكىللىرى سايلىغۇچىلارنىڭ مەنپەئەتى ۋە ئىرادىسىگە ۋەكىللىك قىلىپ، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردا بېرىلگەن خىزمەت ھوقۇقىغا ئاساسەن دۆلەت ھاكىمىيىتىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈشكە قاتنىشىپ، ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ قانۇن نازارەتچىلىكى ۋە خىزمەت نازارەتچىلىكىنى يۈرگۈزۈپ، سايلىغۇچىلار بىلەن قويۇق ئالاقە باغلاپ، ھەر قېتىملىق نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلام خىزمىتىدە ئۇلارنىڭ تەلىپى ۋە ساداسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى ۋە خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىگە بولغان تونۇشىنى كۆرۈنەرلىك ئۆستۈرگەنلىكتىن، بۇ يېزىنىڭ بۇ قېتىمقى نۆۋەت ئالماشتۇرۇش سايلام خىزمىتى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىپ، يېزىلىق پارتكومنىڭ ئىرادىسى، خەلقنىڭ ئارزۇسى ئەكس ئەتتۈرۈلۈپ، يېڭى بىر نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياسىتى ۋە يېڭى بىر نۆۋەتلىك خەلق ھۆكۈمىتى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلدى.

(لوپ ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي
كومىتېتى سىياسىي - قانۇن خىزمەت
كومىتېتىدىن)

نۇرمۇھەممەت مەخمۇت
ئارزۇگۈلخان

## توققۇزتارا ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى خەلق ۋەكىللىرىنى تەشكىللەپ، ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ خاتا دېلولارنى سۈرۈشتۈرۈش تۈزۈمىنى ئىجرا قىلىش ئەھۋالىنى تەكشۈردى

يېقىندا توققۇزتارا ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى ئەدلىيە ئورگانلىرىغا بولغان قانۇنىي نازارەتچىلىكنى ئۈنۈملۈك تۈردە ئېلىپ بېرىپ، ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ ھوقۇق-مەسئۇلىيىتىنى توغرا يولغا قويۇپ، قانۇنتى كەسكىن ئىجرا قىلىپ، خاتا دېلولارنىڭ يۈز بېرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، قانۇننى ئىجرا قىلىش سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشكە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، بىر قىسىم ئوبلاست، ناھىيىدىن ئىبارەت ئىككى دەرىجە خ ق ۋەكىللىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ناھىيىلىك خەلق سوت مەھكىمىسى بىلەن خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ 1997 - يىلدىن بۇيانقى خاتا دېلولارنى سۈرۈشتۈرۈش تۈزۈمىنى ئىجرا قىلىش ئەھۋالىنى تەكشۈردى.

تەكشۈرۈشتە ئەمەلىي ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتى مەخسۇس تېمىدا مۇدىرلار يىغىنى ئېچىپ، تەكشۈرۈشنىڭ مەزمۇنى بىلەن ئۇسۇلىنى ئايدىڭلاشتۇردى. تەكشۈرۈش جەريانىدا، خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلاش ۋە سۆھبەت يىغىنى ئېچىش ئارقىلىق خ ق ۋەكىللىرى: ئىككى مەھكىمە خاتا دېلولارنى سۈرۈشتۈرۈش تۈزۈمىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىشتا، رەھبەرلىك ئەھمىيەت بېرىپ، كۈچلۈك تەدبىرلەرنى قوللاندى؛ خاتا دېلولارنى سۈرۈشتۈرۈش تۈزۈمىنى ئەدلىيە ئەمەلىيىتى جەريانىدا ئۈزلۈك-

سىز مۇكەممەللەشتۈردى ھەمدە مۇناسىپ تەشكىلىي ئاپپاراتلارنى قۇرۇپ، بايقالغان خاتا دېلولارنى ئەستايىدىل تۈزىتىپ بىر تەرەپ قىلدى؛ مەسئۇل خادىملارنىڭ مۇناسىپ جاۋابكارلىقى سۈرۈشتۈرۈلدى؛ بولۇپمۇ خەلق تەپتىش مەھكىمىسى 1997 ـ يىلدىن بۇيان بېجىرگەن بارلىق دېلولارنى رەتلەپ، تىزىملاپ، نۇقتىلىق تۈردە ئەيىبلىمەيدىغان، قولغا ئالمايدىغان، دېلو تۇرغۇزمايدىغان، دېلو تۇرغۇزۇلغاندىن كېيىن قايتۇرۇۋېلىنغان ۋە ئاممىنىڭ ئىنكاسى كۈچلۈك دېلولارنى قايتا تەكشۈرۈپ چىقىپ، ھەممىسىدە قانۇننى ئادىل ئىجرا قىلمىغان ۋە خاتا دېلو بېجىرگەن ئەھۋال كۆرۈلمىدى ھەم دېلولار بويىچە قايتا تەكشۈرۈش يەكۈنىنى يېزىپ چىقتى؛ شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ج خ ئورگىنى، سوت مەھكىمىسىگە بولغان قانۇنىي نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىپ، ج خ ئىدارىسىدىن توققۇز پارچە جىنايى ئىشلار دېلوسىنى دېلو تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈشنى تەلەپ قىلىپ، سوت مەھكىمىسىنىڭ 1 ـ سوتتىكى سەككىز پارچە توققۇز ئادەمنىڭ جىنايى ئىشلار دېلوسىغا قانۇن بويىچە ئېتىراز بىلدۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسى رەھبەرلىرىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى، دەپ قارىدى.

خ ق ۋەكىللىرى ئىككى مەھكىمىنىڭ خاتا دېلولارنى سۈرۈشتۈرۈش تۈزۈمىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىشتا ئىشلىگەن خىزمەتلىرى بىلەن قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىرگە، ئىككى مەھكىمىنىڭ خاتا دېلولارنى سۈرۈشتۈرۈش تۈزۈمىنى تېخىمۇ ياخشى ئىجرا قىلىپ، دېلو بېجىرىش سۈپىتىنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرىلىتىش ئۈچۈن بەش تۈرلۈك تەكلىپ بەردى. ① تەربىيىلەش، تەرتىپكە سېلىش پائالىيىتىنى داۋاملىق قانات يايدۇرۇپ ۋە مۇستەھكەملەپ، «ئۈچنى تەكىتلەش» تەربىيىسىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، كەڭ كادىر ـ ساقچىلارنىڭ سىياسىي، كەسپىي ساپاسىنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرىلىتىپ، دېلو بېجىرىش ساپاسىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ② خاتا دېلولارنى سۈرۈشتۈرۈش تۈزۈمى ۋە مۇناسىۋەتلىك قائىدە ـ تۈزۈملەرنى ئۈزلۈكسىز ئىزچىل ئىجرا قىلىپ، دېلو بېجىرىش تەرتىپىنى قاتتىقلاشتۇرۇپ، قانۇنغا خىلاپ تۈردە دېلو بېجىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، دېلو ئىشلەش ئۈنۈمىنى يۇقىرىلىتىش كېرەك. ③ ئىچكى جەھەتتىكى نازارەتچىلىك مېخانىزمىنى تۇرغۇزۇپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئاممىنىڭ ئىنكاسى كۈچلۈك بولغان، دېلو بېجىرىشتە سۆرەلمىلىك قىلىپ سوتلاش ۋاقتىنى ئۇزارتىدىغان، دېلو بېجىرىشتە يەپ ـ ئىچىپ، سوۋغا قوبۇل قىلىدىغان، مۇناسىۋەت دېلوسى، ئادەمگەرچىلىك دېلوسى بېجىرىشتەك ئەھۋاللارنى قەتئىي تۈزىتىپ، پاكلىق قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. ④ تەپتىش ئورگىنى قولغا ئېلىشنى تەستىقلاش، ئەيىبلەش ۋە سولاقخانىنى تەكشۈرۈش كەسپىگە ئاساسەن، رازۋېدكا نازارەت قىلىش، سوتلاشنى نازارەت قىلىش ۋە سولاقخانا باشقۇرۇشنى نازارەت قىلىش خىزمىتىنى ھەقىقىي ياخشى ئىشلىشى كېرەك. ⑤ ئېغىر دەرىجىدە جەمئىيەت ئامانلىقىغا زىيان كەلتۈرگەن جىنايەتچىلەرگە قاتتىق زەربە بېرىپ، ئىقتىسادىي جىنايەتچىلەرنى قاتتىق جازالاپ، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قوغدىشى كېرەك.

تەكشۈرۈش ئاياغلاشقاندا ئىككى مەھكىمە رەھبەرلىرى خ ق ۋەكىللىرىنىڭ تەكشۈرۈپ نازارەت قىلىشىنى قارشى ئالىدىغانلىقىنى ۋە ئوتتۇرىغا قويغان تەكلىپلىرىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى ھەمدە ئۆزگەرتىش تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ، قانۇننى ئىجرا قىلىش تۈزۈمىنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

(توققۇزتارا ناھىيىلىك خ ق دائىمىي كومىتېتىدىن)

قۇربانجان، لەن چىشاڭ

## توققۇزتارا ناھىيىلىك خ ق ۋەكىللىرى سۇ قۇرۇلۇشى بىلەن شەھەر بازىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۆزدىن كەچۈردى

بۇ يىل 3 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى توققۇزتارا ناھىيىسى 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2 ـ يىغىنىنى ئېچىش جەريانىدا، 80 نەپەر خ ق ۋەكىلىنى تەشكىللەپ، ناھىيىنىڭ نۇقتىلىق قۇرۇلۇشى بولغان ئىتتىپاق ئۆستەڭى سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشى بىلەن ناھىيە بازىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۆزدىن كەچۈردى. بۇ ناھىيىنىڭ خ ق ۋەكىللىرىنى تەشكىللەپ كۆزدىن كەچۈرۈش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشىدىكى ئادەم سانى ئەڭ كۆپ بىر قېتىملىقى بولۇپ، ئۆستەڭ ئەمگىكىگە قاتنىشىۋاتقان كادىر ـ ئاممىلارنى زور دەرىجىدە ئىلھاملاندۇردى.

كۆزدىن كەچۈرۈش جەريانىدا خ ق ۋەكىللىرى بۆلتۈر

كۆزدىن بۇ يىل ئەتىيازغىچە بولغان ئارىلىقتا، ناھىيىمىزدى-
كى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ناھىيىلىك پارتكوم، خەلق ھۆكۈ-
مىتىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئىتتىپاق ئۈستىگە سۇ ئىنشائاتى
نۇقتىلىق قۇرۇلۇشىنى دۆلەت، ئاپتونوم رايوننىڭ تەستىقلاپ
تۇر تۇرغۇزۇش پۇرستىنى تۇتۇۋېلىپ باسقۇچلۇق نەتىجىلەر-
نى قولغا كەلتۈرگەنلىكىدىن مەمنۇن بولدى. بۇلتۇر كۈزدە
بىر ئايدىن ئارتۇق ۋاقىت جاپالىق كۈرەش قىلىپ 219 مىڭ
ئادەم قېتىم ئەمگەككە قاتنىشىپ، 10 مىليون 415 مىڭ
500 يۈەنلىك ئۆستەڭ قېزىش، لاتقا تازىلاش، تاش قوپۇرۇش
قاتارلىق قۇرۇلۇش نورمىسىنى پۈتتۈرۈش بىلەن بىرگە،
بازار ئىچىدىكى 6 مىليون 800 مىڭ يۈەن مەبلەغ سالغان
3.6km لىق يۇقىرى ئۆلچەمدىكى بەش كوچا يولى ھەم
1217m² لىق ئەسلىھەلىرى يۇرۇشلەشكەن ئۇنىۋېرسال بازارنى
پۈتتۈرگەنلىكىگە يۇقىرى باھا بەردى. ئۇلار ئورۇندالغان قۇ-
رۇلۇش كۆلىمىنىڭ زورلىقى، سۈپەت تەلىپىنىڭ يۇقىرىلى-
قى، تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش ئۆتكىلىنىڭ قاتتىقلىقى جە-
ھەتتە ناھىيىمىز تارىخىدا بۇندىن بۇرۇن بولۇپ باقمىغان
دېيىشتى.

ۋەكىللەر ئارقا ـ ئارقىدىن ناھىيىلىك پارتكومنىڭ ئۈچ
دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنى بىلەن 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق
قۇرۇلتىيى 2 ـ يىغىنىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېچىلىپ، ئوت-
تۇرىغا قويغان «بەش نۇقتىدا بۆسۈشنى ھاسىل قىلىش، تۆت
چوڭ بازىنى قۇرۇش، ئۈچ تۈرلۈك مۇھىم خىزمەتنى تۇ-
تۇش» ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرۇشنى بۈگۈن كۆرگەن
ۋە ھېس قىلغانلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، قايتىپ بارغاندىن
كېيىن كەڭ دائىرىدە تەشۋىق قىلىپ، باشلامچىلىق بىلەن
ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، توققۇزتارا ناھىيىسىنىڭ بۇ يىلقى ئىسلا-
ھات ۋە قۇرۇلۇشىدىكى تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى ئومۇمىيۈزلۈك
ئورۇنداش ئۈچۈن، ئۆزلىرىنىڭ ئاكتىپ رولىنى تولۇق جارى
قىلدۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

قۇربانجان، لەن چىشاڭ خەۋىرى

لەن چىشاڭ فوتوسى

## باي ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى خەلق قۇرۇلتىيى بىلىملىرى بويىچە تەربىيىلەش كۇرسى ئۇيۇشتۇرۇپ، يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى ھەيئەت رىياسەتچىلىرىنىڭ رەئىسلىرىنى تەربىيىلىدى

باي ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى بۇ
يىللىق خىزمەت پىلانىنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرىغا ئاساسەن، 3-
ئاينىڭ 15 ـ كۈنىدىن 16 ـ كۈنىگىچە كۇرس ئېچىپ ناھىيە
تەۋەسىدىكى ھەر قايسى يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتىيى
ھەيئەت رىياسىتىنىڭ رەئىسلىرى، دېھقانچىلىق مەيدان ۋە-
كىللەر گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقلىرى ۋە دائىمىي كومىتېت
تەركىبىدىكى ئىشخانا، خىزمەت كومىتېتلىرىنىڭ مەسئۇللى-
رىدىن بولۇپ 20 دىن ئارتۇق كىشىنى خەلق قۇرۇلتىيى
بىلىملىرى بويىچە تەربىيىلىدى.

كۇرستا ئالدى بىلەن ج ك پ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم
رايونلۇق پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ لېچۈەن ۋە مۇدىر ھامى-
دىن نىيازنىڭ «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ
نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 2 ـ يىغىنى مەزگىلىدە قىلغان
مۇھىم سۆزى» ، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق
قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 1999 ـ يىللىق خىزمەت-
لىرىنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى» ، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيە-
تى يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە خەلق
ھۆكۈمەتلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى» ، «ۋەكىللەر قانۇنى» ،
«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇ-
رۇلتايلىرىنىڭ نازارەتچىلىك نىزامى» ، «شىنجاڭ ئۇيغۇر
ئاپتونوم رايونى يېزىلىق، بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ
خىزمەت نىزامى» ئۆگىنىلدى ھەم «ئىككى نىزام» دىن سى-
تېمىلىق دەرس ئۆتۈلدى. پېشقەدەم رەئىسلەردىن ئوسمان
نىياز، ئاۋۇت مامۇت، ئىمىرنىياز قادىر قاتارلىق يولداشلار
خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى ئىشلەش جەريانىدا توپلىغان
مول تەجرىبىلىرىنى كۆپچىلىككە تونۇشتۇردى. كۇرسقا قات-
ناشقان يولداشلار بۇ قېتىمقى كۇرسنىڭ دەل ۋاقتىدا ئېچىل-
غانلىقىنى، كۇرستىن ئىنتايىن مول بىلىملەرگە ئىگە بولغان-
لىقىنى، يېزا ـ بازارلىق خەلق قۇرۇلتايلىرى خىزمەتلىرىنى
تېزدىن قانۇن بويىچە تۈزۈملەشتۈرۈش ۋە قېلىپلاشتۇرۇش
يولىغا سېلىپ، يېڭى نەتىجىلەرنى يارىتىدىغانلىقىنى بىلدۈ-
رۈشتى.

(باي ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىدىن)

ئارزۇگۈل مۇھەممەت

# قاشتېشى ئىچىگە يوشۇرۇلغان خروئىن

△ شى گوخۇ △

1999 - يىل كىرىشكە ئىككى كۈنلا قالغاندا، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى جىنايى ئىشلار رازۋېدكا چوڭ ئەترىتىدىن زەھەر ئەتكەسچىلىرىنى تۇتۇش ساقچىلىرى ئىككى نەپەر زەھەر ئېلىپ ساتقۇچى بېرما قاشتېشى ئىچىگە يوشۇرۇپ قويغان ساپلىق دەرىجىسى يۇقىرى 14 مىڭ 900 گىرام خروئىننى قولغا چۈشۈرۈپتۇ، دېگەن خەۋەر تارقالدى. بۇ ئۈرۈمچىدىكى ساقچىلار كۆپ يىللاردىن بۇيان بىر قېتىمدىلا قولغا چۈشۈرگەن خروئىن ئەڭ كۆپ بولغان بىر قېتىملىقى ھېسابلىناتتى. خەۋەر تارقىلىشى بىلەنلا پۈتۈن شەھەرنى لەرزىگە سالدى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى جۇ شېڭتاۋ قاتارلىق رەھبەرلەر خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، زەھەر ئەتكەسچىلىرىنى تۇتۇش ساقچىلىرى ھەقىقەتەن قالتىس ئىش قىپتۇ، دەپ ماختىدى.

دېلونىڭ يىپ ئۇچى 1998 - يىل 9 - ئايدا بايقالغانىدى.

9 - ئاي شىنجاڭنىڭ ئالتۇن كۈز پەسلى بولۇپ، مەملىكەت ئىچى - سىرتىدىن ئۈرۈمچىگە كېلىپ ساياھەت، سودا قىلىدىغانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدۇ، بۇلارنىڭ ئىچىدە زەھەر ئەتكەسچىلىرىمۇ يوق ئەمەس.

9 - ئاينىڭ باشلىرىدىكى مەلۇم بىر كۈنى بىر سىرلىق ئادەم ئۈرۈمچى شەھەرلىك ج خ ئىدارىسىدىكى ساقچىلارغا يۈننەنلىك بىر قانچە كىشىنىڭ زور مىقداردىكى خروئىننى ئۈرۈمچىگە يۆتكەپ سېتىپ زور پايدا ئالماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى ئېيتىدۇ. ساقچىلار دەرھال تارماق ئەترەت رەھبەرلىرى ۋە شەھەرلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ باشلىقلىرىغا ئەھۋالنى دوكلات قىلىدۇ.

شەھەرلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ زەھەر ئەتكەسچىلىرىنى تۇتۇش مەخسۇس ئەترىتى زەھەر ئەتكەسچىلىرىنى تۇتۇشتا ھەر يىلى يېڭى، يۇقىرى سەۋىيە يارىتىپ كېلىۋاتقانىدى. ئۇلار 1997 - يىلىلا ئون كىلوگىرام خروئىننى قولغا چۈشۈرگەنىدى. شۇڭا ئۇلارنىڭ ئىسمىنى ئاڭلىسا زەھەر ئەتكەسچىلىرىنىڭ جان - پېنى چىقىپ كېتەتتى. بۇ پەۋقۇلئاددە زور زەھەر ئەتكەسچىلىكى دېلوسىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، زەھەر ئەتكەسچىلىرىنىڭ ئۈرۈمچىگە تېزرەك كېلىشىنى كۈتۈپ ساقچىلارنىڭ تاقىتى تاق بولدى.

شەھەرلىك ج خ ئىدارىسى بۇ يىپ ئۇچىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى. بۇ دېلوغا ئاساسلىق مەسئۇل بولغان مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى جىنايى ئىشلار رازۋېدكا ئەترىتىدىكىلەرنى تەييارلىقنى تېزرەك پۈتتۈرۈشكە بۇيرۇپ، ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ باردى ھەمدە ئۇزاق مۇددەت رازۋېدكا قىلىشنى پىلانلىدى. چۈنكى زەھەر ئەتكەسچىلىرى پەقەت ئازراق شەپە بېرىپ قويۇپلا ئۆزىنى ئاشكارىلىمىغانىدى.

ئالدىنقى باسقۇچلۇق تەييارلىق خىزمەتلىرى تېزلىكتە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. زەھەر ئەتكەسچىلىرى پۇلنى قاچان ئىشلەتسە بانكىدىن شۇ چاغدا ئېلىشى مۇمكىن ئىدى. شۇڭا بانكا ۋە ئالاقىدار ئورۇنلارمۇ بۇنىڭغا زىچ ماسلاشتى.

زەھەر ئەتكەسچىلىرىنى تۇتۇش ساقچىلىرى مال بىلەن ئادەمنى تەڭ قولغا چۈشۈرۈشتە ئالدىراقسانلىق قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. ئەگەر سەللا ئالدىراقسانلىق قىلىنسا، زەھەر ئەتكەسچىلىرىنىڭ دىققىتىنى قوزغاپ قوياتتى. شۇڭا، ساقچىلار تورنى كەڭ يېيىپ، چوڭ بېلىق تۇتۇشقا تەييارلىق قىلدى.

بىر نەچچە ئاي ئۆتۈپ كەتتى. زەھەر ئەتكەسچىلىرى شىنجاڭغا پات - پات تېلېفون بېرىپ، زەھەر چەكلەش ئەھۋالىنى، «خېرىدار» نىڭ پۇلنى تەييارلاپ بولغان ياكى بولمىغانلىقىنى سۈرۈشتۈردى، مالنى يۈننەندىن قاچان ئەۋەتىدىغانلىقىنى تىلغا ئالمىدى، ساقچىلارمۇ پەرۋاسىز قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، ئۇلارنى ئۆز مەيلىگە قويۇۋەتتى. زور پايدا ئېلىش ئۈچۈن زەھەر ئەتكەسچىلىرىنىڭ بۇ سودىنى ھامان قىلىدىغانلىقىنى، سەۋرچانلىق بىلەن كۈتكەندىلا ئۇلارنىڭ رەزىل ئويۇنىنى كۆرگىلى بولىدىغانلى-

قىنى ساقچىلار ئوبدان بىلەتتى.

1998 - يىل دېكابىر كىرىپ قالدى. زەھەر ئەتكەسچىلىرى تېخىچە ئۇۋىسىدىن چىقمايۋاتاتتى. ساقچىلار ئۇلار بۇ سودىنى 1999 - يىلى قىلارمۇ - يە؟ دېگەن خىيالغا كېلىپ قالدى.

دەل مۇشۇ ۋاقىتتا يۈننەندىكى زەھەر ئەتكەسچىلىرى ئۈرۈمچىگە تېلېفون بېرىپ، ئۆزلىرىنىڭ مۇشۇ بىر قانچە كۈن ئىچىدە خىروئىننى ئېلىپ ئۈرۈمچىگە مېڭىشقا جابدۇنۇۋاتقانلىقىنى، بۇ يەردىكىلەرنىڭ پۇلنى تەييارلاپ قويۇشىنى، مالنى تاپشۇرۇپلا پۇلنى ئالىدىغانلىقىنى، قانداق بېرىپ نەدە كۆرۈشۈشنى ئۈرۈمچىگە بارغاندا خەۋەر قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

زەھەر ئەتكەسچىلىرىنى تۇتۇش ساقچىلىرىنىڭ سەۋر قىلىپ كۈتۈشى نەتىجىسىدە تۈلكە ئاخىر ئۇۋىسىدىن چىقتى.

14 - دېكابىر ساقچىلار زەھەر ئەتكەسچىلىرى گۇيجۇلۇق چېن يۈەنخۇ بىلەن يۈننەنلىك لى ۋېي ئىكەن، دېگەن ئىشەنچلىك خەۋەرنى ئۇقتى. ساقچىلار «مېھمان» نى كۈتۈۋېلىشقا ياخشى تەييارلىق قىلىپ تەق بولۇپ تۇردى.

بەش كۈنگىچە ھېچقانداق خەۋەر بولمىدى. ساقچىلار جىددىيلىشىپ، ئۇلارنىڭ تېزرەك كېلىشىگە تەقەززا بولدى.

29 - دېكابىر چۈشتىن كېيىن سائەت 4 تە چېن يۈەنفۇ، لى ۋېيلار ئۈرۈمچىدە پەيدا بولدى. ئۇلار «خېبەردار» بىلەن تېلېفوندا كۆرۈشتى ۋە 30 - دېكابىر ئەتىگەندە ئۈرۈمچى جەنۇبىي ۋوگزالدا كۆرۈشۈپ مالنى تاپشۇرۇشقا، قايسى بىر تەرەپ كېلەلمىسە قايتا ئالاقىلەشمەسلىككە ۋەدىلىشىپ خوشلاشتى.

30 - دېكابىر چۈشتىن بۇرۇن، زەھەر ئەتكەسچىلىرىنى تۇتۇش ساقچىلىرى ئۈرۈمچى جەنۇبىي ۋوگزالىغا ئالدىن يېتىپ بېرىپ، ئىككى زەھەر ئەتكەسچىسىنىڭ بۇ يەردە ساقلاپ تۇرغانلىقىنى كۆردى، بۇ ئىككىسى پۇلدىن باشقا ھەممىنى ئۇنۇتقانىدى. يۇقىرىچە كېيىنگەن ساقچىلار بۇ ئىككىيلەن بىلەن سۆزلا سالاملاشتى، ئۇلار بىرلىكتە جەنۇبىي ۋوگزالنىڭ يۈك - تاق ساقلاش ئورنىدىن تۆت دانەچوڭ ياغاچ ساندۇقنى ئېلىپ بىر تاكسى بىلەن چاڭجاڭ يولىدىكى ئېلى مېھمانخانىسىغا كەلدى.

ياغاچ ساندۇقلار مېھمانخانىنىڭ بىر ئۆلچەملىك ياتىقىغا ئېلىپ كىرىلدى.

زەھەر ئەتكەسچىلىرىنى تۇتۇش ساقچىلىرى زەھەر ئەتكەسچىلىرىنىڭ گېپىگە قۇلاق سالماي، مالنى تەكشۈرۈپ بېقىپ ئاندىن پۇل بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. بۇ ئىككىيلەن لىق پۇل قاچىلانغان چامادىندىن كۆزىنى ئۈزمەيتتى، ئۇلار ئامالسىز بىر ياغاچ ساندۇقنىڭ تاختىيىنى قايرىپ ئاچتى، ساندۇقتا بىرما قاشتېشى قاچىلانغانىدى. قاشتېشىنى چاققانىدى، ئۇنىڭ ئىچىدە ئوكىلەپ تېشىلگەن بىر قانچە كامار كۆرۈندى، بۇ كامارلارغا سولياۋ خالتىغا قاچىلانغان خىروئىن كەپلەپ سېلىنغانىدى. ساقچىلار ئىچىدە ئىنتايىن خوش بولۇپ كەتتى. قالغان ئۈچ ساندۇقنىمۇ ئېچىۋېدى، ئۇنىڭدىنمۇ قاشتېشى ئىچىدىگە قاچىلانغان خىروئىن چىقتى. بۇ تۆت دانە بىرما قاشتېشىغا 14 مىڭ 900 گىرام خىروئىن قاچىلانغانىدى. دەل مۇشۇ پەيتتە سىرتتىن ئېتىلىپ كىرگەن ساقچىلار ئىككى زەھەر ئەتكەسچىسىنىڭ قولىغا كويزا سالدى. بۇ ئىككىسىنىڭ چىرايى تاتىرىپ، لاغىلداپ تىترەشكە باشلىدى.

چېن يۈەنفۇ بىلەن لى ۋېينىڭ ئېيتىشىچە، بۇ خىروئىننى ئۇلار بىرمىدىن سېتىۋالغان بولۇپ، بۇنى يوشۇرۇش ئۈچۈن ئۇلار بىرمىدىن ھەر بىر كىلوگىرامىنى 60 يۈەندىن تۆت دانە چوڭ قاشتېشى سېتىۋالغان ھەمدە بىرمىلىق تاشچىلارغا ھەر بىر قاشتېشىنى تەڭ ئىككىگە بۆلدۈرۈپ، ئۇنىڭغا بىر قانچە يۇمىلاق كامار ياساتقان، ئىچىگە خىروئىننى قاچىلىغاندىن كېيىن ئۇنى يىلىم بىلەن ھېچكىم بايقىيالمايدىغان قىلىپ چاپلىۋەتكەن. تاموژنىغا قاشتېشى دەپ مەلۇم قىلىپ، ئۇدا بەش ئۆتكەلدىن ساق - سالامەت ئۆتۈپ، يۈننەن ۋە گۇيياڭغا يۆتكەپ كەلگەن. ئۇلار بۇ قاشتېشى ۋە خىروئىننى تېزرەك قولدىن چىقىرىۋېتىشنىلا ئويلىغان، ئۇزۇن مۇددەت ئالاقىلىشىش ئارقىلىق ئاخىرى ئۈرۈمچىدىن ئىنتايىن ئىشەنچلىك «خېبەردار» دىن بىرنى تاپقانىكەن. بۇ ئىككىيلەن مالنى ئاۋۋال بىرمىدىن ماشىنا بىلەن چېگرىدىن ئۆتكۈزۈپ يۈننەن ئارقىلىق چېڭدۇغا، ئاندىن چېڭدۇدىن پويىز ئارقىلىق ئۈرۈمچىگە يۆتكەپ كەلگەن. يولدا نۇرغۇن تەكشۈرۈشلەردىن ساق - سالامەت ئۆتۈپ، ئۈرۈمچىگە كېلىپ نۇرغۇن پۇلغا ئېرىشىدىغان بولدۇق دەپ خوش بولۇپ تۇرغاندا قوللىرىغا كويزا سېلىنىپ ئېگىز تام ئىچىگە قامالدى. ئۇلارنىڭ ھارام پۇل بىلەن بېيىش چۈشى بەربات بولدى.

**نۇرگۈل كېرەم تەرجىمىسى**

**(ژۇرنىلىمىزنىڭ خەنزۇچە 1999- يىللىق 3 - سانىدىن ئېلىندى)**

(بېشى ئۆتكەن ساندا)

### 3. «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نى قانۇن بويىچە سوتلاش

چەت ئەل ئوبزورچىلىرى قايتا ئىشقا چۈشكەن پېڭ جېنغا «كومپارتىيە جۇڭگوسىدىكى پېڭ جېن دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش ئۈچۈن تەييارلىق قىلىپ قويغاندەك قىلىدۇ» دەپ باھا بېرىشتى. 1979 - يىلى پېڭ جېن پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 4 - ئومۇمىي يىغىنىدا مەركىزىي كومىتېت ئەزاسى، مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى بولۇپ سايلاندى. شۇنىڭدىن كېيىن مەركەز ئۇنىڭغا سىياسىي قانۇن كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى قوشۇمچە قانۇنچىلىق كومىتېتىنىڭ مۇدىرى قاتارلىق قانۇنچىلىققا دائىر بىر قاتار مۇھىم ۋەزىپىلەرنى تۇتقۇزدى. بۇلارنىڭ كەينىدىنلا يېڭى مەركىزىي كومىتېت شۇجىچۇسى پېڭ جېنغا لىن بياۋ، جياڭ چىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھى دېلوسىنى سوتلاش خىزمىتىگە رىياسەتچىلىك قىلىشنى تاپشۇردى.

ئەمما پېڭ جېن مەركىزىي كومىتېت شۇجىچۇسىنىڭ بۇ ھەقتىكى ئۇقتۇرۇشىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، قايتا - قايتا ئويلىنىپ يەنىلا خۇا گوفېڭ، يې جيەنيىڭ، دېڭ شياۋپىڭلارنى تاپتى ۋە «خىزمەتتىن ئايرىلغىلى ئون نەچچە يىل بوپتۇ. ئەھۋالنى ئانچە چۈشەنمەيمەن، رەھبەرلىك خىزمىتىنى يەنىلا مەركەز بىۋاسىتە تۇتقىنى تۈزۈكمىكىن» دېدى. پېڭ جېن بۇنىڭدىن بۇرۇن مەركەزدە «ئىككى دېلو رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى» قۇرۇلغانلىقىنى، ئۇنىڭغا خۇ ياۋباڭ مەسئۇل بولغانلىقىنى بىلەتتى. ئۈچ رەئىس،

# ھەقىقەت ۋە قانۇنچىلىقتا بىر ئۆمۈر چىڭ تۇرغان پېڭ جېن

مۇئاۋىن رەئىسنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا «سىز قانۇن نۇقتىسىدىن بۇ ئىشنى باشقۇرۇڭ» دېدى. شۇنىڭدىن كېيىن مەركەزدە يەنە «ئىككى دېلونى سوتلاشقا يېتەكچىلىك قىلىش ھەيئىتى» قۇرۇلۇپ، پېڭ جېن ئۇنىڭغا باشچىلىق قىلدى.

1980 - يىلىنىڭ بېشىدا پېڭ جېن زىيەنىنى مەركەزلەشتۈرۈپ ماتېرىيال كۆرۈپ، دوكلات ئاڭلىدى. ماتېرىيالنى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن ئۇ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىكى بىر مەزگىللىك ئەھۋال جۇڭگو تارىخىدىكى ئەڭ مۇرەككەپ باسقۇچ بولغانلىقىنى، ئۇنىڭدا كوممۇنىزم ھەرىكىتى داۋامىدا ئىزدىنىشكە تېگىشلىك مەسىلىلەرمۇ، پارتىيىمىز سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش داۋامىدا ئۆتكۈزگەن خاتالىقلارمۇ بارلىقىنى، شۇنىڭدەك يەنە پارتىيە رەھبەرلىرىنىڭ سەۋەنلىكىدىن كېلىپ چىققان خاتالىق ۋە پارتىيە ئىچىدە مۇھىم رەھبەرلىك ئورنىغا سۇقۇنۇپ كىرىۋالغان قارا نىيەتلەر، سۇيىقەستچىلەر ئوينىغان بىر مەيدان تراگېدىيىمۇ بارلىقىنى ھېس قىلدى. يۈزەكى جەھەتتە بۇ بىر مەيدان خاتا ھالدا قوزغالغان ھەم ئاز ساندىكى يامان ئادەملەر پايدىلىنىپ كەتكەن سىياسىي ھەرىكەتكە ئوخشىسىمۇ، ماھىيەتتە ئۇ پارتىيە ئىچىدىكى ئەڭ بىنورمال سىياسىي تۇرمۇش ۋە سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە - قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىكى مەسىلىلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەتتى.

شۈبھىسىزكى، تارىخ سوتى خەلقنىڭ رايىغا باقىدۇ. ئەمما بۇ قېتىمقى سوتلاشنى بىر نەچچە قېتىملىق سىياسىي ھەرىكەتلەردىكى سوتلاشقا ئوخشاش قىلىپ قويماسلىق كېرەك. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندا ئۆزىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنىنى تۈزۈپ چىققان، شۇڭا بىز بىر ئىگىلىك ھوقۇقىغا ئىگە دۆلەتكىلا ئەمەس، تېخىمۇ مۇھىمى پۈتۈن دۇنياغا دۆلىتىمىزنىڭ بىر قانۇنچىلىق دۆلىتى ئىكەنلىكىنى نامايان قىلىشىمىز كېرەك.

مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، لىن بياۋ، جياڭ چىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھى دېلو-

سنى سوتلاشنى ھەرگىز سىياسىي سوتقا ئاي-
لاندۇرۇپ قويماسلىقىمىز لازىم. بۇ مەسىلە-
نى ھەل قىلىشتا چوقۇم ھەقىقەتنى ئەمەلـ
يەتتىن ئىزدەپ، ياخشى كىشىلەر ئۆتكۈز-
گەن خاتالىق بىلەن يامان ئادەملەر قىلغان
ئەسكى ئىشلارنى، رەھبەرلىك جەھەتتىكى
خاتالىق بىلەن سۇيىقەستچى گۇرۇھنىڭ جى-
نايى قىلمىشلىرىنى ئېنىق ئايرىش كېرەك،
بۇ بىر تۈپ پرىنسىپ مەسىلىسى. كونكرېت
ئېيتقاندا، رەئىس ماۋزېدۇڭنىڭ سادىر قىلـ
غان خاتالىقى ئايرىم بىر مەسىلە. «تۆت كى-
شىلىك گۇرۇھ» جىنايەتچىلەر گۇرۇھى بو-
لۇپ، ئېغىر جىنايى ئىشلار جاۋابكارلىقى
بار. بىز قانۇنغا ئاساسەن ئۇلارنىڭ جىنايى
جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈرۈپ، لىن بياۋ،
جياڭ چىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھى ئۆت-
كۈزگەن جىنايەت بىلەن رەھبىرىي خادىملار-
نىڭ سەۋەنلىكتىن سادىر قىلغان خاتالىقلىر-
نى پەرقلەندۈرۈشىمىز، لىن بياۋ، جياڭ
چىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھىنى سوتلاش-
نى چىن مەنىدىكى قانۇن سوتىغا ئايلاندۇرۇ-
شىمىز كېرەك.

تەپسىلىي ئويلىنىشلاردىن كېيىن پېڭ
جېن مۇنبەر ئالدىغا يېقىنلاشتى، ئۇ ئەمەلـ
يەت داۋامىدا جەڭنى كۆتۈۋېلىشنى ياخشى
كۆرەتتى. ئۇزاق ئۆتمەي ئۇ بۇ دېلونى مۇزا-
كىرە قىلىدىغان يىغىن چاقىردى. «ماتېرى-
يالالارنى كۆردۈم، باشقا پىكرىم يوق، - پېڭ
جېن روھى كۆتۈرەڭگۇ، ئاۋازى ياڭراق ھالدا
شۇنداق دېدى، - ئەدلىيە تەرتىپى بويىچە
ئىش قىلىش كېرەك. ج خ تارمىقى تەييار-
لىق سوراقىنى ياخشى قىلسۇن، تەپتىش مەھـ
كىمىسى ئوبدان ئەيىبلىسۇن، سوت مەھكە-
مىسى سوتنى ئوبدان قىلسۇن! سوت بولغانـ
كەن ھەممىنى مۇنتىزىم ئىشلەيلى». پېڭ
جېن باشلىنىشىدىلا ئەدلىيە تەرتىپىنى تە-
كىتلىدى. ئۇزاققىچە سىياسىي رەھبەرلىك
خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان بۇ زات ئادەم
ئارقىلىق تۈزەش ۋە سوتسىيالىستىك ئەدلىيە
تەرتىپىگە خىلاپ ئىش قىلىشنىڭ دەردىنى
يەتكۈچە تارتقاچقا، بۇ دېلونى قانۇنچىلىق
خىزمىتىدىكى ئۈلگە سۈپىتىدە ئوبدان بېجىر-
مەكچى بولغانىدى. «بىز دېلو بېجىرىشتە
چوقۇم دەلىل ـ ئىسپاتقا ئەھمىيەت بېرىشـ
مىز كېرەك، قىستاپ ئىقرار قىلدۇرۇش،
قىيناپ سوراق قىلىش دېگەن لىن بياۋ، تۆت
كىشىلىك گۇرۇھنىڭ ئۇسۇلى، بىز قانۇن
بويىچە دېلو بېجىرىشىمىز لازىم. ج خ مى-
نىستىرلىكى تۈنجى خىزمەتنى ئوبدان ئىشـ
لىسۇن، تەپتىش مەھكىمىسى ئىككىنچى
تەرتىپنى ئورۇندىسۇن، شۇندا سوت ئۆتكۈزۈ-
غا چىقىشا ئىش پۇختا بولىدۇ. ئەيىبلەشنى
ئۇچىچۇ يىغىندا مۇزاكىرە قىلىپ، مەركەز-
گە تەستىقلىتايلى». ئەيىبلەشنامىنى تىلغا
ئالغاندا پېڭ جېن شۇ يەردە بېكىتمۇەتتى:
«ئەگەر ئۇلارنىڭ 100 تۈرلۈك جىنايىتى بار
دېيلى، ئەڭ ئاساسلىق بولغان 20 ـ 30
تۈرلۈك جىنايىتىنى بېكىتسەكلا بولدى، 3 ـ
4 تۈرلۈك بولسىمۇ بېكىتىپ سوتلىغىلى بو-
لىدۇ...، مەن ج خ، تەپتىش، سوت ئۇقتىـ
سىدىن تۇتاي، ئەمما ئەھۋالنى پىششىق بى-
لىپ كەتمەيمەن، يولداش پېڭ چوقۇمۇ يېڭىلا
كەلدى، ئىككى دېلو رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى
بۇنى ئاخىرغىچە تۇتسۇن».

پېڭ جېننىڭ سۆزى يىغىندىكىلەرگە
ئىلھام بولدى. دەسلەپتە مەركەزدىكى ئىككى
دېلو رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ مەسئۇلى
خۇ ياۋباڭ، ۋاڭ خېشۇ قاتارلىق كىشىلەر بۇ
دېلو چوڭ دەپ قاراپ، نەدىن قول سېلىشنى
بىلەلمىگەنىدى. پېڭ جېننىڭ يۇقىرىقى
سۆزلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ كۆڭلىدىمۇ سان
بار بولدى. «بەزى دەلىل ـ ئىسپاتلار رەئىس
ماۋزېدۇڭغا، جۇ ئېنلەي زۇڭلىغا چېتىلسا
قانداق قىلىمىز؟» دەپ سورىدى ۋاڭ خېشۇ
يەنىمۇ ئېنىقلىۋېلىش ئۈچۈن پېڭ جېننى پە-
كىر بېرىشكە تەكلىپ قىلىپ. «ئاۋۋال مە-
سىلىنى ئېنىقلاش كېرەك، - پېڭ جېن سەل
توختىۋېلىپ داۋاملاشتۇردى، - لىن بياۋ،
جياڭ چىڭ گۇرۇھىنى سوتلاشتا پەقەت دۆلەـ
مەن بىلەن ئۆز ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنىلا
ھەل قىلىمىز؛ بولۇپمۇ سوت ئىچىدە پەقەت
ئىككى دېلودىكى جىنايەتچىلەرلا سوتلىنىدۇ،
پارتىيە ئىچىدىكى، خەلق ئىچىدىكى زىددىيەت
سوت قىلىنمايدۇ؛ ئەگەر ھادىسىگىلا، قىسـ
مەنلىكىگىلا قارىساق، مەسىلىنى ئېنىق كۆ-
رۈۋالغىلى بولمايدۇ، شۇڭا مەسىلىگە ئەتراپـ
لىق، سېستېمىلىق ھالدا ماھىيەتتىن قاراش
لازىم». پېڭ جېن دېلو بېجىرگۈچى خادىملار
بىلەن بىرگە بولغاندا يۇقىرىقى سۆزلەرنى تې-
خىمۇ ئاممىباپ، چۈشىنىشلىك قىلىپ:
«يېپىنىڭ چىگىشىنى ئىككى باشتىن يېشىش
كېرەك، ئۇلار ماۋزېدۇڭغا دوكلات قىلىشـ
تىن بۇرۇن ئىشلەتكەن سۇيىقەستلەرنى تو-
تۇپ، ماۋزېدۇڭ، جۇ ئېنلەينىڭ تەستىقى
ئۈستىدە ئىشلەتكەن ھىلە ـ مىكىرلەرنى پاش
قىلىشىمىز كېرەك!» دەپ شەرھلىدى. يى-
غىنغا قاتناشقان خۇ ياۋباڭ بۇ پىكىرگە باشـ
لىقىقا تولىمۇ قايىل بولدى. يىغىندىن كېيىن
پېڭ جېن دەلىل ـ ئىسپاتقا ئەھمىيەت بېرىشـ
نى تەكرار تەكىتلىدى ھەم ئىپتىدائىي ماتې-
رىياللارنى كۆرۈپ، خۇاڭ خوچىڭ، جياڭ
خۇا، يۇساڭ ۋە باش سىياسىي بۆلۈمنىڭ مۇ-
ئاۋىن مۇدىرى شى جىڭچىيەنلەرنىڭ مەسىلە-
سىنى سورىدى. بەزى ئىپتىدائىي ماتېرىيال-
لارنى كۆرۈشكە مۇۋەپپەق بولالمىغانلىقىنى
بىلگەندىن كېيىن، ئۇنى چوقۇم ئەستايىدىل
كۆرۈپ چىقىش كېرەك دەپ كۆرسەتمە بەر-
دى.

پېڭ جېننىڭ قوماندانلىق قىلىشى بى-
لەن، ئىككى دېلونى سوتلاش تەييارلىق خىز-
مەتلىرى كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقىچە ئارىلىقتا
تەرتىپلىك ھالدا قانات يېيىپ كەتتى. كۆپ-
چىلىك پېڭ جېنغا بىرەر ئىشقا ھۆكۈم قى-
لىشقا قادىر ھەم ماھىر ئىكەن، چوڭ ئىشلار

ئۈستىدە ھۆكۈم قىلىشقىمۇ جۈرئەتلىك ئى-
كەن، دەپ باھا بېرىشتى. سوتلاش تەييارلىق
خىزمەتلىرى باشلىنىپ كەتكەندىن كېيىن،
سىياسىي بيۇرودىكى ئىككى رەھبەر پېڭ
جېننى ئىزدەپ، ئۇنىڭدىن: «رەئىس ماۋزې-
دۇڭ (بىرسىنىمۇ ئۆلتۈرمەسلىك، كۆپ
قىسمىنى تۇتماسلىق) دەپ بېكىتكەن، بۇ
قېتىم قانداق قىلىمىز؟» دەپ سورىدى.
پېڭ جېن ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇپ:
«ئاۋۋال سوتلاپ ئاندىن بىر نېمە دەيلى» دەپ
جاۋاب بەردى. كۆپ يىللار ئۆتكەندىن كېيىن
ئەينى يىللاردا ئىككى دېلونى سوتلاش خىزمە-
تىگە قاتناشقان نۇرغۇن پېشقەدەم يولداشلار
ئەسلەپ كېلىپ پېڭ جېندىن ئىبارەت باش
پېتەكچىنىڭ سوتلاشتىن بۇرۇنقى ھەر بىر
ھالقىلىق پەيتلەردە ئەتراپلىق ئويلىشىپ
ئىش قىلغانلىقىغا ئاپىرىن ئوقۇشتى. بۇ
شەك - شۈبھىسىزكى، بۇرۇنقىلار قىلىپ
باقمىغان ئىش ئىدى. ئەينى چاغدا يولۇققان
يوشۇرۇن خادا «دەلىل- ئىسپات ئېلىش قى-
يىن بولۇش مەسىلىسى ئىدى. خۇددى جياڭ
چىڭ: «بىز سىياسىي بيۇرودا مۇزاكىرە
قىلغان ئىشلارنى سىلەر قانداق بىلىسىلەر؟
» دەپ ئېيتقاندەك، ئىچكى ئەھۋاللارنى سۈ-
رۈشتۈرۈش قىيىن بولغانىدى. پېڭ جېن:
«چەكلەنگەن رايوننى بۆسۈپ ئۆتۈش، بىرى،
ماتېرىيال جەھەتتىكى چەكلەنگەن رايوننى،
يەنە بىرى، ئادەمنىڭ چەكلەنگەن رايوننى
بۆسۈپ ئۆتۈش، قانۇن بويىچە ئىش قىلىشتا،
بۇرۇنقىدەك ئادەت كۈچلىرىگە خەنجەر ئۇ-
رۇش كېرەك» دەپ كەسكىن كۆرسەتمە بەر-
دى. تەۋەندىكىلەر «ماتېرىيال جەھەتتىكى
چەكلەنگەن رايوندا جۇڭنەنخەيگە كىرىپ سى-
ياسىي بيۇرونىڭ يىغىن خاتىرىسىنى كۆرىدى-
غان گەپ، بۇ ئىلگىرى بولۇپ باقمىغان
ئىش. ئادەم جەھەتتىكى چەكلەنگەن رايوندا
نۇرغۇن رەھبىرىي كادىرلارغا، جۈملىدىن
سىياسىي بيۇرونىڭ دائىمىي ئەزالىرى قېتى-
غا بېرىپ ئۇلاردىن دەلىل - ئىسپات ئالىدى-
غان گەپ ... بۇمۇ تارىختا بولۇپ باقمىغان
ئىش» دېيىشتى. «بولمايدۇ. بۇ چەكلەنگەن
رايوننى چوقۇم بۆسۈپ ئۆتۈش كېرەك. سى-
لەر دوكلات يېزىڭلار، مەن سىلەر ئۈچۈن
يول مېڭىشىپ بېرەي» دېدى پېڭ جېن ھېچ
ئىككىلەنمەي.

سىياسىي بيۇرو يىغىنىدا دېڭ شياۋپىڭ
يۈزمۇيۈز ئەھۋال تونۇشتۇرۇپ: «جاڭ چۈن-
چياۋ مېنى يۈزۈمدىن يۈزۈمگە ئىمىرناگى دې-
گەن» دەپ ئوتتۇرىغا قويدى. ۋاڭ دۇڭشىڭ-
نىڭ بوسۇغۇسى چېكىلگەندە، ئۇ ئىككى دېلو-
نى سوتلاش ئىشخانىدىكىلەر سورىغان بەزى
تارىخىي ئەھۋاللارنى تونۇشتۇرۇپ بەردى.
يەنە نۇرغۇن قىزىل تاملىق ھويلىدىكىلەرمۇ
سوت خادىملىرىغا ئوخشايلىق تۇغدۇرۇپ دەرۋا-
زىلىرىنى ئېچىپ بەردى. ھەر قايسى چوڭ
ئورۇنلار ئەھۋال بىلىدىغانلارنى يىغىپ سۆھ-
بەت يىغىنى ئېچىپ بەردى ... پېڭ جېن:
«لىن بياۋ، جياڭ چىڭلار ئىلگىرى ھوقۇق-
دار ئىدى، ئۇلارنىڭ ئارخىپلىرى بەك مۇ-
ھىم، بىر قىسمى مەركىزىي ئىنتىزام تەك-
شۈرۈش كومىتېتىدا، بىر قىسمى مەركىزىي
كومىتېت ئىشخانىسىدا، ئادەم تەشكىللەپ
بېرىپ كۆرۈڭلار، بۇ ماتېرىياللارنى ھازىر
ئىشلەتمەي قاچان ئىشلىتىمىز؟» دېدى شۇ-
جېنجۇدىكىلەرگە گەپ ئېيتىپ بېرىپ.

تۈركۈم - تۈركۈم خادىملار مەركىزىي
كومىتېتنىڭ يادرولۇق مەخپىي مۇھىم ئو-
رۇنلىرىغا كىرىپ، قانۇن قورالى بىلەن بە-
خەتەر ئىشكاپلارنىڭ ئىشىكىنى ئاچتى. سوت-
لاشنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرى قانات يېيىپ
كەتكەندىن كېيىن، نۇرغۇن مەسىلەرنى ئە-
مەلىيەتتە ھەل قىلىش قىيىن بولدى، بولۇپ-
مۇ بەزى تەجرىبىسى كەمچىل، دېلو بېجىر-
گۈچى خادىملار بۇ خىزمەتنىڭ قىيىنلىقىنى
ھېس قىلدى. «قىيىنلىقىغۇ قىيىن، ئەمما
ئەستايىدىل ھالدا پاكىتلارنى مۇزاكىرە قىل-
ساق يەنىلا ئېنىقلىغىلى بولىدۇ. ئەيىبلەشنا-
مىدىن قارىغاندا، رەئىس ماۋزېدۇڭنى ئۆلتۈ-
رۈشنى قەستلەش، قوراللىق توپىلاڭ كۆتۈ-
رۈشنى پىلانلاش، دۆلەتنى پارچىلاش سۇيى-
قەستىدە بولۇشتەك ئەھۋاللارنى قانداقمۇ خا-
تالىقتىن ئايرىۋالغىلى بولمىسۇن؟» دېدى
پېڭ جېن. ئۇ كۆزى ئۆتكۈر، يىراقنى كۆ-
رەر ئىدى. ئۇ كۆپچىلىككە: «بىر تەرەپنىڭ
كىنىلا ئاڭلاپ ئىشىنىپ كېتىش، خاتا ھۆ-
كۈم قىلىش بىلەن ساختا گۇۋاھلىق ئويدۇ-
رۇپ، بۆھتان چاپلاپ زىيانكەشلىك قىلىش
ماھىيەت جەھەتتىن پەرقلىنىدۇ، مەدەنىيەت
ئىنقىلابىنىڭ ئومۇمىي جەريانىغا ئىنچىكە نە-
زەر سالساق، ھادىسىدىن ئۆتۈپ ماھىيەتكە
قارىساق، قايسىلىرى ياخشى كىشىلەر سادىر
قىلغان خاتالىق، قايسىلىرى ئەكسىلئىنقىلا-
بىي جىنايەت ئىكەنلىكىنى ئېنىق ئايرىۋالغى-
لى بولىدۇ» دېدى.

بۇ بىر قاتار چۈشەندۈرۈشلەر دېلونى ئو-
ڭۇشلۇق بېجىرىشكە ئىدىيىۋى ئاساس يارى-
تىپ، كۆپچىلىكنىڭ پىكىر يۈرگۈزۈش ۋە
مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش چارىسى تېپىشىغا
يول كۆرسىتىپ بەردى. مۇشۇ پىكىر يولى
بويىچە، دېلو بېجىرگۈچىلەر قايتا - قايتا
تەكشۈرۈپ ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، رەئىس ماۋ-
زېدۇڭ، جۇ ئېنلەي زۇڭلىنىڭ سەۋەنلىكى
ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتنىڭ خاتالىقى-
غا ئالاقىدار چوڭ ئىشتىن 13 نى جىنايى
جاۋابكارلىقتىن ئايرىپ چىقتى ...

«يەنە دېلودىكى جىنايەتچىلەرنىڭ ئاغزى-
دىن يوچۇق تاپايلى، بىر ئادەم بىر گۇرۇپپا
بولۇپ، بىر تۈتاش سوراق قىلسۇن» پېڭ
جېن ئىلگىرى-ياڭ دېجى قاتارلىقلار بىلەن
مۇشۇ ئىش ئۈستىدە سۆزلەشكەندە بىر قىسىم
كىشىلەرنى سەپەرۋەر قىلىپ ئوت تۇتاشتۇر-
غۇچ پىلتە تاكتىكىسى قوللىنىش، دېلودىكى
جىنايەتچىلەر ئارىسىدىن يوچۇق ئېچىش كې-
رەك، بۇ ئەڭ قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە

بولىدۇ، دەپ قارىغانىدى. سوراق گۇرۇپپە-
سى جىنپىڭ تۇرمىسىگە كىرىپ ئۇرۇنلاش-
تى. ئۇلار سىياسەتنى چۈشەندۈردى، پېشقە-
دەم يولداشلارنى تەكلىپ قىلىپ دېلودىكى
جىنايەتچىلەر بىلەن كۆرۈشتۈرۈپ، تەكشۈر-
گەن ئەھۋاللارنى يۈزلەشتۈردى، بۇنىڭ بى-
لەن دەلىل- ئىسپات ۋە پاكىت قىسمىدىن
تېزلا بۆسۈش بولدى.

پېڭ جېن بۇ ئىشنىڭ تەرەققىياتىغا
ئىنچىكە كۆڭۈل بۆلدى، ئۇ تەكشۈرۈش
دوكلاتلىرىنى بىر - بىرلەپ ئاڭلاپ چىقتى،
خۇاڭ يۇڭشېڭنى سوراق قىلىش گۇرۇپپىسى
ئۇنىڭ يۇۋاش بولماي، مەسىلىلەردىن ئۆزىنى
قاچۇرغانلىقىنى ئېيتقاندا، پېڭ جېن:
«خۇاڭ يۇڭشېڭغا دەڭلار، ئۇنىڭ جىنايىتىنى
پۇقرالارمۇ خۇددى ياغاچقا مىخ قاققاندەك ئې-
نىق بىلىدۇ، ئەمدى ئۇنىڭ پوزىتسىيىسىگە
قارايمىز» دېدى. بۇ گەپ خۇاڭ يۇڭشېڭنىڭ
قۇلىقىغا يەتكەندە پۈتۈن يىلى چىقىپ كەت-
تى ... مەسىلىلەر ئەنە شۇنداق بىر - بىرلەپ
يېشىلمەكتە ئىدى. شۇ كەمدە پېڭ جېن
خەلق سارىيىدا ئىش بېجىرىپ، بىر نەچچە
كۈندە بىر دوكلات ئاڭلايتتى. ئۇنىڭ دوكلات
ئاڭلاشتا بىر ئالاھىدىلىكى بولۇپ، خاتىرە
يازمايتتى ھەم زۇۋان سۈرمەيتتى. ھەمىشە
ئاۋۋال باشقىلارنىڭ پۈخادىن چىققۇدەك سۆز-
لىشىگە يول قويۇپ، سۆز تۈگىگەندە ئۇ
«سىزنىڭ پىكرىڭىزچۇ؟» دەپ سوراپ قويات-
تى. دەسلەپتە كۆپچىلىك ئۇنىڭ تەن سالامەت-
لىكىدىن ئەنسىرەپ، كۆپ سۆزلىشۋەتسەك ئې-
سىدە تۇتالماي قالارمىكىن دەپ ئويلىغانى-
دى. كېيىن پېڭ جېننىڭ ئىشلەشنى ئەڭ
زور خۇشاللىق بىلىدىغانلىقىنى، ئەستە تۇ-
تۇش قابىلىيىتىمۇ كىشىنى ھەيران قالدۇر-
دىغانلىقىنى سەزدى، ھەتتا ئۇ مېڭىسىگە
دوكلاتتىكى ۋاقىت، ئورۇن ۋە ئادەم ئىسىم-
لىرىنى شۇنداق مەھكەم خاتىرىلىۋالاتتى، بە-
زىدە بۇلارنى تېخى ئۇ دوكلات قىلغۇچىلارنىڭ
سەمىگە سېلىپ تۇراتتى. باشقىلار سۆزلەپ
بولغاندىن كېيىن، ئۇ قىلچە ئىككىلەنمەي
ئۆزىنىڭ ئويلىغانلىرىنى ئوتتۇرىغا قوياتتى،
ئۇ قولىنى بوشلۇقتا بىرلا شىلتىسا، خۇددى
سىزگە ئىش مۇشۇنداق بېكىتىلدى دېگەندەك
تەسىرات بېرەتتى. ئەمما بۇنداق چاغلاردا ئۇ
«مېنىڭ دېگەنلىرىم ھەم ھېساب، ھەم ھې-
ساب ئەمەس، پايدىلانساڭلار بولىدۇ» دەپ قو-
شۇپ قوياتتى. پېڭ جېننىڭ دېموكراتىك
ئىستىلى دەسلەپتىكى يولداشلاردا! چوڭقۇر تە-
سىرات قالدۇرغانىدى. كۆپچىلىك بۇ سەر-
دارنى بىر نەچچە كۈن كۆرمىسە، ئىچى پۇ-
شۇپ قالغاندەك بولاتتى. بىرەر يېڭى روھ
بولۇپ قالسا، كۆپچىلىك «ئاق ساقالدىن يې-
ڭى روھ كەلدى» دېيىتتى خۇشال ھالدا. كې-
يىنچە، ج خ مىنىستىرلىكى خەلق سارىيىدا
رازۋېدكا قىلىپ ئاڭلاشتىن ساقلىنىش ئۈنۈ-
مى ناچار دەپ قاراپ، پېڭ جېنغا ئىشخانا
كۆچۈش تەكلىپىنى بەردى، بۇ چاغدا ئۇنىڭ
ئۆيى ئىككى دېلونى سوتلاش باش قوماندانلىق
شتابىغا ئايلاندى.

بىر مەزگىلدىن كېيىن دېلودىكى كۆپ
قىسىم ئەھۋاللار ئېنىقلاندى، ئەمما قايسىلى-
رىنى ئەيىبلەش، قايسىلىرىنى ئەيىبلىمەس-
لىك دېگەن مەسىلە ئۈستىدە ئۇ كۆپچىلىك
بىلەن بىر - بىرلەپ مۇزاكىرىگە كىرىشتى.
«سوت جىنايەتنى ئوچۇق سوت قىلىدۇ، پار-
تىيە ئىچى، خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتنى سوت-
لىمايدۇ، جۈملىدىن لۇشيەن خاتالىقىنى،
پارتىيە ئىنتىزامى، ھەربىي ئىنتىزام ۋە ھۆ-
كۈمەت ئىنتىزامى مەسىلىسىنى بىر تەرەپ
قىلمايدۇ، بۇلارنى كېيىن بىر تەرەپ قىلىشقا
قالدۇرايلى» . پېڭ جېننىڭ بۇ پرىنسىپى
دۈشمەن بىلەن ئۆز ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت
ھەمدە خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتنىڭ چەك -
چېگرىسىنى ئايرىپ بەردى. «يەنە بىرى، بې-
كىتىلمىگەن ئىشلارنى كىرگۈزمەيلا قوياي-
لى، بۇ ئەۋلادتىن ئەۋلادقىچە سىناقتىن ئۆ-
تەلەيدىغان بولسۇن؛ ئېنىقلىيالمى-
غان ئىشلارنى داۋاملىق ئېنىقلىساق بولىدۇ،
سوتلاشقا خاتا تاپشۇرساق، مۇجمەل دېلو بو-
لۇپ قالىدۇ، بىز ئۇنداق ئىشنى قىلماسلىقى-
مىز كېرەك» دېدى پېڭ جېن يەنە. بىر
كۈنى لىن بياۋ «13 - سېنتەبر» ئالدىدا
شىمالدىن جەنۇبقا قوشۇن يۆتكىگەن ئەھۋال
چىقىپ قالدى. لوگىكىلىق مۇناسىۋەتتىن
قارىغاندا، بۇ لىن بياۋنىڭ گۇاڭجۇغا قې-
چىش، جەنۇبتا ئايرىم مەركەز تىكلەش ۋەقە-
سى بىلەن سەۋەب نەتىجە باغلىنىشى باردەك
قىلسىمۇ، ئەھۋال مۇرەككەپ بولۇپ، ھەر
قايسى تەرەپنىڭ پىكرى بىردەك ئەمەس ئى-
دى. «دەسلەپتىكى يولداشلار، سىلەر قانداق
قارايسىلەر؟» دەپ سورىدى پېڭ جېن. لىن
بياۋ ئىشخانىسىدىكى يولداشلار بۇنى سوتقا
قويمىغان تۈزۈك دەپ قارىدى. بىر نەچچە
قېتىم پىكىر ئېلىش ئارقىلىق، پېڭ جېن
كەسكىن قارارغا كەلدى: «ئارمىيە بۇيرۇق-
قا، قوماندىغا بويسۇنىدۇ، يۇقىرى يۆتكە دې-
سە يۆتكىمەسلىككە ھەددىمۇ؟ 1 - سەپتىكى
يولداشلارنىڭ پىكرى توغرا، ئاۋۋال بۇنى قو-
يۇپ تۇرۇپ، كەلگۈسىدە چوڭقۇرراق تەك-
شۈرسەكمۇ بولىدۇ.»

1980 - يىلى كۈزمۇ كېلىپ قالدى.
پېڭ جېن ئەۋلادتىن ئەۋلاد سىناقتىن ئۆتە-
لەيدىغان ئەيىبلەشنامىنى ئېلىپ چىقىپ يەنە
ج خ، تەپتىش ۋە سوتنىڭ «ئۈچ مەھكىمە
بىرلىكتە تەكشۈرۈش» ىنى تەشكىللىدى. ئۇ
مەجلىسخانىنىڭ تۆرىدە ئولتۇرۇپ، خىزمەت-
چىلەرنىڭ جۈملىمۇجۈملە ئوقۇشىغا قولاق
سالدى، سەللا مۇجمەل، گۇڭگا ياكى توغرا
بولمىغان جايلار بولسا كۆرسىتىپ بەردى،
كۆپچىلىك بىرلىكتە قايتا تۈزەتتى. شۇنداق
قىلىپ ئەيىبلەشنامىنىڭ 49 - ئورگىنالى
پۈتكەندە، ئۇ ئاندىن بولدى قىلىپ: «ھازىر
پاكىت جەھەتتە مەسىلە قالمىدى، ئەمما سەل
ئۆزۈندەك تۇرىدۇ. ئولتۇرغانلار ئەگەر ئۇنى

10 مىلڭ خەت ئىچىدە قىسقارتىلساڭلار، مېنىڭ سىياسىتىم ئەمەلىيلەشكەندە ئالغان ئازراق ياردەم پۇلۇم بار، مەن سىلەرنى بېيجىڭ ئۆردەك كاۋىپى ئاشپۇزۇلىغا ئاپىرىپ كاتتا مېھمان قىلىمەن» دېدى. كېيىن ئۆردەك كاۋىپى يېيىش ئىشى قېپقالغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ سۆزلىرى چوڭقۇر ئەسلىمە ۋە ئالىي تارتۇق سۈپىتىدە كۆپچىلىكنىڭ يادىغا ئورناپ قالدى.

ئەيىبلەشنامە پۈتتى. پېڭ جېن شۇجېڭغا دەپ سىياسىي بيۇرو ئەزالىرىنىڭ دوكلات ئاڭلىشىنى ئورۇنلاشتۇردى. شۇ جەرياندا پېڭ جېن ئاخىرقى قېتىم قايتا ئويلىنىۋالدى. ئاشۇ كۈنى ئۇ سافادا خۇددى ھەيكەلدەك ئولتۇراتتى، ئۇنىڭ بويى ئېگىز بولغاچقا، سافاغا بېشىنى قويالمايتتى. ئۇ سافاغا يېنىچە بىر خىل قىياپەتتە يۆلىنىپ يېرىم كۈندىن ئارتۇق مىدىرلىماي ئولتۇردى. چوڭ ئىشلاردا تېنەپ قالماسلىق، كىچىك ئىشلارنى قول سېلىپ ئىشلەش ئۇنىڭ خىزمەت ئادىتى ئىدى. 1980 - يىل 9 - ئاينىڭ 8 - كۈنى خەلق سارىيى ھەربىي پوستلارنىڭ قوغدىشىدا بىر ھەيۋەت تۈسكە كىردى، سىياسىي بيۇرونىڭ ھەممە ئەزالىرى، پېڭ جېن باشچىلىقىدىكى ئىككى دېلوغا يېتەكچىلىك قىلىش ھەيئىتىنىڭ ئەزالىرى بۇ يەردە يىغىن ئېچىپ، لىن بياۋ، جياڭ چىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھى دېلوسىنى سوتلاشقا دائىر ئىشلارنى ئاخىرقى قېتىم قاراپ چىقتى. بىر ھەپتە بۇرۇن ئامېرىكا «كاتولىك ھەقىقەتلىرى گېزىتى» دە «جۇڭگو قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ ئاساسلىق قۇرۇلۇشچىسى» دەپ تەرىپلەنگەن پېڭ جېن بۇ يىغىندا ئاساسلىق رول ئالدى. يىغىنغا خۇا گوفېڭ رىياسەتچىلىك قىلدى، پېڭ جېن دوكلات بەردى، ئۇ يەنىلا ماتېرىيالغا قارىماي، ئەستە قالدۇرغانلىرى بويىچە دوكلات قىلدى:

«ئۇن ئاساسلىق جىنايەتنى ئاساسەن ئېنىقلاپ بولدۇق. بىر تەرەپتە خۇاڭ يۇڭشېڭ، ۋۇ فاشيەن، لى زوپېڭ، چيۇ خۇيزو ھەم جياڭ تېڭجياۋ بار؛ يەنە بىر تەرەپتە تۆت كىشىلىك گۇرۇھ ھەم چېن بودا بار، دائىمىي ئەزالارغا تارقىتىپ بېرىلگەن ئەيىبلەشنامىدە ئۇن ئادەمگە ھۆكۈم كېسىش ئوتتۇرغا قويۇلدى. ئۇلارنىڭ ئاساسلىق جىنايەت پاكىتلىرى ئېنىق، لىن بياۋ، جياڭ چىڭلار كاتتىبېشى، كاڭ شېڭ مۇئاۋىن، ئىككى گۇرۇھ ئىككى ياقتا قاراقچى بولغان، زاڭ مال بۆلۈشۈشتىمۇ زىددىيەتلىرى بار، ئەمما ئۇلار بىر گۇرۇھ، ئەيىبلەشنامىدە دېيىلگەن جىنايەتلەر ماۋزېدۇڭ، جۇ ئېنلەي ۋە مەركەزدىكى باشقا رەھبىرىي يولداشلارنىڭ سەۋەنلىكىگە چېتىلمايدۇ». پېڭ جېن چوڭ پرىنسىپلارنى دوكلات قىلىپ بولغاندىن كېيىن، قەددىنى رۇسلىۋېلىپ بىر نەچچە كونكرېت مەسىلىگە ئۆتتى. ئۇ سۆزىدە ئاساسلىقلىرى بىلەن قوشۇمچىلىرىنى قاتتىق پەرقلەندۈرۈپ، لوگىكىلىقلىقى كۈچلۈك، قاتلىمى ئېنىق قىلىپ نەق مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ كۆپچىلىكنىڭ 70 نەچچە ياشلىق بۇ بوۋايغا ھەممىدىن قول قويىدىغان يېرى ئىدى.

— قاچان سوتلىماقچى؟

— بالدۇرراق سوتلىساق دۈشمەن بىلەن ئۆز ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ھەل بولىدۇ، كېيىنرەك سوتلىساق، چەت ئەللىكلەر بىزنى ئىچكى جەھەتتە پىكرى بىردەك ئەمەسكەن، سوتلىيالمىدى دەيدۇ، - دېدى پېڭ جېن بالدۇر سوتلاشنى قۇۋۋەتلەپ.

— بىر دېلو سۈپىتىدە ئەيىبلىنەمدۇ؟ ئىككى دېلو سۈپىتىدىمۇ؟

— بىر دېلو سۈپىتىدە ئەيىبلەپ ئايرىم سوتلىنىدۇ، بىر دېلو بويىچە ھۆكۈم كېسىلىدۇ، - بۇ پېڭ جېننىڭ ئىككى كۈندىن بۇيان تەكرار ئويلانغانلىرىدىن چىقارغان يەكۈن بولۇپ، بۇنداق قىلغاندا دېلونىڭ ئىچكى باغلىنىشىنى ئېنىقلاشقا پايدىلىق ھەم تەشكىللەشكىمۇ ئەپلىك ئىدى. - خۇاڭ يۇڭشېڭ، ۋۇ فاشيەن، لى زوپېڭ، چيۇ خۇيزو، جياڭ تېڭجياۋلارنى ھەربىي سوت سوتلايدۇ، بۇ بىر نەچچەيلەن چوقۇم سوتلىنىشى كېرەك، ھۆكۈم يېنىكرەك كېسىلسىمۇ بولىدۇ، ئۇ بىر نەچچىسى جياڭ چىڭغا ئوخشىمايدۇ، ئۇلار تارىختا بەزى ياخشى ئىشلارنى قىلغان، ئورۇشتا قاتناشقان.

بىر مەزگىل ئىككىلىنىپ قالغان ۋە ئوچۇق سوت قىلىشتا ئىشەنچە قىلالمىغان مەسىلىلەر ئۈستىدە پېڭ جېن ئاخىرىدا ئەمەلىي ئەھۋالنى ئېيتتى: «ۋاقىت چىڭ تۇتۇلسا، ھازىر تەييارلىقلار تولۇق بولدى. يەنە بىرى، ئوچۇق سوت قىلغان ياخشى، ھەممىنى ئېلان قىلساق، بىز ئىشلىگەن خىزمەتلەردىكى دەلىل - ئىسپات پۈت تىرەپ تۇرالايدۇ.»

گەرچە يىغىنغا خۇا گوفېڭ رىياسەتچىلىك قىلغان بولسىمۇ، رولنى دېڭ شياۋپىڭ قولىغا ئېلىپ بولغانىدى. ئۇ ئەيىبلەشنامىنى قولىغا ئېلىپ «10 - ئاينىڭ باشلىرى سوتلايلى» دېدى. خۇا گوفېڭ قوشۇمچە قىلىپ «چەت ئەللىكلەرنى يەنىلا قاتناشتۇرمايلى» دېدى. «يەنە بىر ئىش، بۇ قېتىم سوتلاشقا ئادۋوكاتلارمۇ چىقىشى كېرەك، شۇنداق قىلغاندىلا ئەدلىيە تەرتىپىگە ئۇيغۇن، چىن مەنىدىكى قانۇنلۇق سوت بولىدۇ» دېدى پېڭ جېن. ئۇنىڭ مۇشۇ سۆزلىرى بىلەن بىر مەيدان سوتنىڭ پەردىسى ئېچىلدى.

1980 - يىل 9 - ئاينىڭ 29 - كۈنى پېڭ جېننىڭ تەكلىپى بىلەن 5 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 16 - يىغىنى ئالىي تەپتىش مەھكىمىسىدە پەۋقۇلئاددە تەپتىش كوللېگىيەسى، ئالىي سوتتا پەۋقۇلئاددە سوت كوللېگىيەسى قۇرۇپ، «ئىككى دېلو» نى سوتلاشنى قارار قىلدى. 1980 - يىلنىڭ ئاخىرىدىن 1981 - يىلنىڭ بېشىغا قەدەر، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ پەۋقۇلئاددە سوت كوللېگىيەسى لىن بياۋ، جياڭ چىڭ ئەكسىلئىنقىلا-

بىي گۇرۇھى دېلوسىنى 77 كۈن سوتلىدى.
بۇ مەزگىلدە پېڭ جېن ھەر كۈنى سوت ئەھ-
ۋالى توغرىسىدىكى سىنئالغۇ لىنتىسىنى
كۆرگەندىن باشقا ئۇنىڭ كۆڭۈل ئىشتىياقى
يەنە باشقا خىزمەتلەرگە بۇرۇلدى ...

**4. ئاخىرقى نەپەسكىچە قانۇنچى-
لىق ئىشلىرى ئۈچۈن كۈچ چىقىرىش**

«ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىي
قىلىشى، ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىمۇ
ئۇنىڭ تەرەققىياتىغا ماسلىشىشى كېرەك.
ئەمدىكى جىددىي ۋەزىپە قانۇنچىلىقنى مۇكەم-
مەللەشتۈرۈش، قانۇنچىلىقتىن ئىبارەت ئۆت-
كۈر ئېمەشەر ئارقىلىق ئىقتىسادىي قۇرۇ-
لۇشنى قوغداش كېرەك». پېڭ جېن قايتا
خىزمەتكە چۈشكەندىن كېيىن مەركەزدىكى
پائالىيەتلەر، گوۋۇيۈەننىڭ پائالىيەتلىرى،
ھەر قايسى تەرەپتىن پىكىر ئاڭلاش، چەت
ئەللىك دوستلارنى قوبۇل قىلىشتەك ئىشلار
بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭ كۈن-
تەرتىپى كۈن بويى جىددىي ئورۇنلاشتۇرۇش-
لۇق ئىدى. ئەمما ئۇ كۆپچىلىككە «كۈن
بويى ئالدىراش بولساقمۇ بىرەر مۇھىم نۇقتا
بولۇشى كېرەك» دەپ تەربىيە بېرەتتى. پېڭ
جېن ھەقىقەتەن ئالدىراش بولسىمۇ، ئۆز
خىزمىتىدىكى مۇھىم نۇقتىنى ئۇنتۇپ قالمى-
دى، بۇ بولسىمۇ سوتسىيالىستىك قانۇنچى-
لىق بەرپا قىلىش ئىدى.

80 - يىللارنىڭ دەسلەپكى ئالايمىقانچى-
لىقنى ئوڭشاش ئارقىلىق، پۈتۈن پارتىيە
خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ئىقتىسادىي
قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلغان تۆتتى زامانىۋى-
لاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا يۆتكەلدى. بۇ پېڭ
جېن كۈرەش قىلىپ كەلگەن چوڭ ئىش بو-
لۇپ، ئۇ يۈرەك قانلىرىنى بۇ ئىشقا ھەرگىز
ئاياپ قويمىغان. ئەمما ئۇ كاللا قاتۇراتتى.
ئۇ بىر ماركسىزمچى، نەزەرىيىچى ۋە تەرغى-
باتچى سۈپىتىدە بەزى چوڭ - چوڭ ئىشلار-
دىن شەيئىلەرنىڭ تەرەققىيات ۋە ئۆزگىرىش
قانۇنىيەتلىرىگە دىققەت قىلاتتى. «ئۇستىقۇ-
رۇلمىنى ئىسلاھ قىلىش كېرەك، پارتىيە
رەھبەرلىكىنىمۇ ياخشىلاش لازىم» دەپ قا-
رايتتى ئۇ. بۇ ئۇنىڭ يېڭى دەۋردىكى ئىشلەپ-
چىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ تەڭشىلىشىگە
بولغان قارىشى ئىدى. «ئەمدىكى جىددىي ۋە-
زىپە قانۇنچىلىقنى مۇكەممەللەشتۈرۈش. قا-
نۇنچىلىق بولمىسا، ماددىي ئاساسى، مەنىۋى
مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشنى راۋاجلاندۇرۇش دې-
گەنلەر قۇرۇق گەپ بولۇپ قالىدۇ. ئاساس-
لانغۇدەك قانۇن بولۇش، بار قانۇنلارغا جەز-
مەن ئاساسلىنىش، قانۇننى قاتتىق ئىجرا قى-
لىش، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانلارنى سۈرۈش-
تۈرۈش 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت
3 - ئومۇمىي يىغىنىدا بېكىتىلگەن، بۇ پرىن-
سىپ بېكىتىلگەنىكەن كونكرېتلاشتۇرىدىغان
نەرسىنى بېزىپ چىقىش كېرەك». پېڭ جېن
ئۆزىنى ئاشۇ دەۋر ئېقىمىغا ئاتاپ قويدى ھەم
سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىدا 2-
دولقۇن قوزغاشقا بەل باغلىدى. بۇ تارىخ
يۈكلىگەن ۋەزىپە ۋە تارىخنىڭ تاللىشى ئى-
دى.

يولداش پېڭ جېننىڭ ئەسلىمىسىدە
مۇنداق دېيىلىدۇ: «مەركەز سىياسىي خىز-
مەتنى تۇتۇشتا ماڭا مۇھىم ۋەزىپە يۈكلىدى.
يولداش شياۋپىڭ مېنى مەخسۇس ئىزدەپ قا-
نۇن چىقىرىش خىزمىتىنى تۇتۇشقا قويدى
ھەمدە بەزى مۇتەخەسسىس، ئالىملارنى تې-
پىپ قانۇن چىقىرىشقا قاتناشتۇرۇشنى تاپشۇ-
رىدى، بۇنىڭدىن سىرت يەنە دۆلەتنىڭ قانۇنچى-
لىق خىزمىتى ھەققىدىكى يېقىن مەزگىللىك
ۋە يىراق كەلگۈسى پىلان تۈزۈشنى تاپىلى-
دى.»

1980 - يىلى 5 - نۆۋەتلىك مەملىكەت-
لىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 - يىغىنى مەركىزىي
كومىتېتنىڭ تەكلىپى بويىچە ئاساسىي قانۇنغا
تۈزىتىش كىرگۈزۈش كومىتېتى قۇرۇشنى
قارار قىلدى، يولداش پېڭ جېن مەملىكەت-
لىك خەلق قۇرۇلتىيى قانۇنچىلىق خىزمىتى
كومىتېتىنىڭ مەركەزگە ئاساسىي قانۇنغا تۈ-
زىتىش كىرگۈزۈش دوكلاتى بېرىشىنى تەك-
لىپ قىلدى. ئاساسىي قانۇنغا تۈزىتىش
كىرگۈزۈشتە، ئۇ يەنە ئاساسىي قانۇنغا تۈزى-
تىش كىرگۈزۈش كومىتېتىنىڭ مۇدىر ئورۇن-
لىقىغا تەيىنلەندى. بۇ ئۇنىڭغا تونۇشلۇق
خىزمەت ئىدى. دۆلىتىمىز قۇرۇلغان دەس-
لەپكى مەزگىلدە پېڭ جېن يېڭى جۇڭگونىڭ
تۇنجى ئاساسىي قانۇنىنى تۈزۈشكە قاتناشقان،
دەۋر ئۆزگەردى، ئۇنى تۈزىتىشكە توغرا كەل-
دى، ئەمدى ئۇ بۇ يۈكنىمۇ زىممىسىگە ئال-
دى.

1981 - يىلى 7 - ئايدا پېڭ جېن ئاسا-
سىي قانۇنغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش خىزمىتى-
گە رىياسەتچىلىك قىلىشقا باشلىدى. ئۇ مۇ-
نۇلارنى ئوتتۇرىغا قويدى: «ئاساسىي قانۇنغا
تۈزىتىش كىرگۈزۈشتە چوقۇم جۇڭگونىڭ ئە-
مەلىيىتىنى ئاساس قىلىش، ئاۋۋال چەت
ئەلنىڭ تەجرىبىسىنى تەتقىق قىلىپ بېقىش،
ئۇنىڭغا ھازىر بېكىتكىلى بولىدىغان ئەڭ ئا-
ساسلىق، ئەڭ ئېھتىياجلىق نەرسىلەرنى يې-
زىش كېرەك». ئۇ يەنە: «1954 - يىلدىكى
ئاساسىي قانۇننى ئاساس قىلىپ، ئۇنى داۋام-
لاشتۇرۇش ۋە راۋاجلاندۇرۇش، تۆت ئاسا-
سىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇشنى ئاساسىي قا-
نۇنغا تۈزىتىش كىرگۈزۈشنىڭ يېتەكچى
پرىنسىپى قىلىش كېرەك» دەپ ئېنىق كۆر-
سەتتى. مەدەنىيەت ئىنقىلابىنى باشتىن كە-
چۈرگەن پېڭ جېن كۆپچىلىككە تارىخىي قان-
لىق ساۋاقنى قوبۇل قىلىش توغرۇلۇق تەر-
بىيە بەردى ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن، «پۇقرالارنىڭ
غۇرۇرى دەخلىسىزدۇر»، «پۇقرالارنىڭ
جىسمانىي ئەركىنلىكى دەخلىسىزدۇر» دې-
گەنلەرنى كىرگۈزۈش كېرەك، دېدى. بۇ
ماددىلار ئوتتۇرىغا قويۇلۇش بىلەنلا پۈتۈن
مەملىكەت خەلقىنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىش-
تى. ھەممىگە مەلۇملۇق بولغان قانۇن ئالدى-
دا ھەممە ئادەم باراۋەر دېگەن بەلگىلىمە
1954 - يىلدىكى ئاساسىي قانۇنغا كىرگۈزۈل-
گەن بولۇپ، 1975 - يىلدىكى ئاساسىي قا-

ئوندىن چىقىرىۋېتىلگەنىدى، پېڭ جېن دەس-
لەپتىلا بۇ پىرىنسىپنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى
تەكىتلىدى.

1979 ـ يىلى پېڭ جېن بېيجىڭغا قايتىپ
ئىشقا چۈشۈپ ئۇزاق ئۆتمەيلا «پارتىيە خەلققە
رەھبەرلىك قىلىپ ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلا-
رنى تۈزۈپ چىقتى. پارتىيە يەنە خەلققە رەھ-
بەرلىك قىلىپ قانۇنلارغا ئەمەل قىلدۇ ۋە
ئۇنى ئىجرا قىلدۇ» دېگەن قانۇنچىلىق ئىدى-
يىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، «پارتىيە تەشكى-
لى ۋە پارتىيە ئەزالىرى ئاساسىي قانۇن ۋە
قانۇنلار دائىرىسىدە ھەرىكەت قىلىش» تەشەب-
بۇسىدا چىڭ تۇرغانىدى، بۇ تەشەببۇس ئا-
خىرى ئاساسىي قانۇنغا كىرگۈزۈلۈپ، پۈت-
كۈل جۇڭخۇا مىللەتلىرى تەلتۆكۈس ھالدا
«ئادەم ئارقىلىق ئىدارە قىلىش» تىن «قا-
نۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش» يولىغا قەدەم
قويدى.

ئاساسىي قانۇنغا تۈزىتىش كىرگۈزىد-
غان چاغدا پېڭ جېن 80 گە كىرىپ قالغان
بولسىمۇ، يەنىلا ئاساسىي قانۇننىڭ كىرىش
قىسمىنى شەخسەن ئۆزى يازدى، ئاساسىي
قانۇننىڭ مەزمۇنىنىمۇ ئۆزى ماددىمۇماددا
تەكشۈرۈپ بېكىتتى، كېيىنكى تۆت ئايلىق
ئومۇمىي خەلق مۇزاكىرىسىگە قويۇش ئارقى-
لىق، بۇ قانۇن خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنىدا
ماقۇللىنىپ، ئاخىرى 1 مىليارد خەلققە دۆ-
لەتنى ئىدارە قىلىدىغان بىر قانۇن قامۇسى
تەقدىم قىلىنىدى.

ئاساسىي قانۇنغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش
جەريانىدا پېڭ جېن يەنە «جىنايى ئىشلار قا-
نۇنى» ، «جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنى» ، سوت
ۋە تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇ-
نى قاتارلىق يەتتە قانۇننى چىقىرىشقا تەشكى-
لاتچىلىق قىلدى … كەمدىن كەم ئاغرىيدىغان
پېڭ جېن كېسەل بىلەن يېتىپ قالدى. ئەي-
نى چاغدىكى پېڭ جېننىڭ خىزمەتچىلىرىنىڭ
دېيىشىچە، مەركەز يەتتە قانۇننى مۇزاكىرە
قىلىۋاتقاندا پېڭ جېن قىزىتمىسى پەسەيمەي

بالنىستا يېتىپ قالدۇ، ئەمما ئۇ يەنىلا
قىزىتما پەسەيتىدىغان ئوكۇل ئۇردۇرۇۋېلىپ-
لا جۇڭنەنخەيگە يول ئالدۇ …

پېڭ جېننىڭ پۈتكۈل ئۆمرى قانۇنچى-
لىق ئىشلىرىغا ئاتالغانىدى. 80 ـ يىللارنىڭ
باشلىرىدا ئۇ بىر نەچچە چوڭ قانۇننى چىقى-
رىش يۈكىنى زىممىسىگە ئالدى ھەمدە يېڭى
دەۋردىكى سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق قۇرۇ-
لۇش ئىشلىرىنىڭ مۇقەددىمىسىنى باشلىۋەت-
تى. «پېڭ جېن ئىشقا چۈشۈپتۇ» دېگەن
گەپ تارالغاندىن كېيىن، بېيجىڭدىكى جا-
ھىل لۈكچەكلەرمۇ پەسكويغا چۈشتى. پېڭ
جېن ئەينى يىللىرى كونا بېيجىڭنى ئۆزگەرت-
كەن چاغدا قاتتىق، تېز ۋە ئېغىر جازا قول-
لىنىش بىلەن نامى چىققانىدى. ئەمما پېڭ
جېننىڭ كۆز تىككىنى يالغۇز بېيجىڭلا ئە-
مەس ئىدى. يېڭى ئىشقا چۈشكەندىلا پېڭ
جېن لىن بياۋ، تۆت كىشىلىك گۇرۇھ تەرى-
پىدىن پاچاقلىۋېتىلگەن ج خ، سوت، تەپ-
تىش سىستېمىسىغا كۆز تىكتى. بىر قېتىم
سىرتتىكى سىياسىي قانۇن سىستېمىسىدىن
كەلگەن بىر نەچچە يولداش بېيجىڭغا كېلىپ
دوكلات قىلدى. پېڭ جېن ئۇلارنىڭ يېشى،
بىلىم قۇرۇلمىسى ۋە ئىقتىدار، سەۋىيىسىنى
سوراشتۇرۇپ، ئىككى مەسىلىنىڭ گەۋدى-
لىك ئىكەنلىكىنى، بىرى قوشۇن ياشىنىپ
قالغانلىقى، كۆچى ئاجىز ئىكەنلىكىنى،
ئىككىنچىسى يېڭى ئەزالارنىڭ نەزەرىيە سەۋ-
يىسى تۆۋەن ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. «بۇ
بولماپتۇ» دېدى پېڭ جېن ۋە شۇئان ئالاقىدار
كىشىلەرنى ئىزدىدى، پېڭ جېن مەركەزگە
بېرىپ خۇياۋباڭنى ئىزدىدى، خۇياۋباڭ كەڭ
قورساقلىق بىلەن «چوڭ، ئوتتۇرا شەھەر-
لەردە بىردىن ئوتتۇرا مەكتەپ ساقچى مەك-
تەپكە ئۆزگەرتىلسە بولىدۇ» دەپ تەستىق
سالدى. بۇمۇ يەتمەيتتى، زادى قانچىلىك
نىسبەتتىكى شەھەرلەردە بىر ئوتتۇرا مەكتەپ
ساقچى مەكتەپكە ئۆزگەرتىلەر! پېڭ جېن بۇ
ئىشقا ئاخىرىغىچە يېپىشتى تاكى ×× تومەن

نوپۇس نىسبىتى بويىچە بىر مەكتەپ ئۆزگەر-
تىلىدۇ دېگەندىن كېيىن ئاندىن ئۇنىڭ كۆڭ-
لى ئارامىغا چۈشتى …

قوشۇننى تەرتىپكە سېلىش، بەنزىنى
تەرتىپكە سېلىش باشلاندى، پېڭ جېن ئىككى
ئىشنى ئالاھىدە چىڭ تۇتتى. ئۈچ خىل ئا-
دەملەرنى رەھبەرلىك بەنزىگە كىرگۈزمەس-
لىك؛ ھەر دەرىجىلىك ئورۇنلار پارتىيىگە،
سوتسىيالىزمغا، خەلققە، ۋەتەنگە سادىق سى-
ياسىي قانۇن قوشۇنى قۇرۇپ چىقىشى كې-
رەك، دەپ ئوتتۇرىغا قويدى. 1982 ـ يىلى-
دىكى مەملىكەتلىك سىياسىي قانۇن خىزمىتى
يىغىنىدا، پېڭ جېن پىششىق ئويلانغاندىن
كېيىن جىددىي قىلىپ يېڭى دەۋردىكى سىيا-
سىي قانۇن خىزمىتىنىڭ ۋەزىپىلىرىنى ئوت-
تۇرىغا قويدى. بۇ مۇھىم سۆزدە: «كۆچنى
توپلاپ تۈرلۈك ئىقتىسادىي جىنايەتلەرگە
زەربە بېرىش، ئامانلىق خىزمىتىنى داۋاملىق
چىڭ تۇتۇش، جەمئىيەت ئامانلىقىغا، مەنىۋى
مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىغا خەۋپ يەتكۈزىدىغان
جىنايەتچىلەرگە قەتئىي زەربە بېرىش» قاتار-
لىق مەسىلىلەر يېڭى دەۋردىكى سىياسىي ۋە-
زىپە قىلىنىدى. ئۇ قانۇن شەمشىرى بىلەن
ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى قوغداپ، ئىقتىسادىي
بازىسقا خىزمەت قىلماقچى بولدى. ئۇزاق
ئۆتمەي بېيجىڭ بېيخەي باغچىسىدا ئۈچ لۈك-
چەك جىنايەتچى ئۈچ قىز ئوقۇغۇچىنى بۇلاپ
كەتكەنلىكى، شاڭخەي كۆڭجياڭ كوچىسىدا
لۈكچەك جىنايەتچىلەر ئامانلىق خادىملىرىنى
ئۇرۇپ، ئاياللارغا پوخورلۇق قىلغانلىقى،
گۇاڭجۇ بىنجياڭ يولىدا جىنايەتچىلەر ساقچى-
لارغا ھۇجۇم قىلغانلىقىدەك چوڭ دېلو يۈز
بەرگەنلىكى ھەققىدە مەلۇمات كەلدى. پېڭ
جېن بۇ بىر نەچچە ئىشنى تۇتۇپ قاتتىق
زەربە بېرىش جېڭىنى يولغا قويدى. «بۇ ئاد-
دىيلا جىنايەت ئۆتكۈزۈش مەسىلىسى ئەمەس،
ئۇ مەدەنىيەت ئىنقىلابىدىن كېيىن بىر تۈر-
كۈم چوڭقۇر زەھەرلەنگەن ياشلارنىڭ ئىغۋا-
گەرچىلىك قىلىۋاتقانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ

بەردى، ئۇنىڭغا قاتتىق زەربە بېرىش كېرەك» دېدى ئۇ. «قاتتىق زەربە بېرىش كۈرىشى» دە بەش چوڭ شەھەر بىر تۇتاش ھەرىكەت قوللىنىپ زور نەتىجىنى قولغا كەلتۈردى. شۇندىن كېيىن پېڭ جېن يەنە ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلارنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، پۈتكۈل جەمئىيەتنى ياش ـ ئۆسمۈرلەرگە ياردەم ۋە تەربىيە بېرىشكە، قانۇنچىلىق تەربىيىسىنى زور كۈچتە قانات يايدۇرۇشقا چاقىردى. بىر- بىرىگە ئۇلىشىپ كەتكەن جەڭلەردىن كېيىن، پېڭ جېن ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش نەتىجىسىدە يېڭى قانۇن چىقىرىش ۋەزىپىلىرى بارغانسېرى مەركەزلىشىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىپ، قانۇن چىقىرىشنى سىستېمىلىق ھالدا تۇتۇشقا كىرىشتى.

بۇ چاغدا ئۇ لىيۇ شاۋچى، جۇدې، يې جيەنيىڭلاردىن كېيىنكى 4 ـ كومىتېت باشلىقى بولۇپ قالغانىدى. گەرچە ئۇنىڭ يېشى چوڭىيىپ قالغان بولسىمۇ، يەنىلا ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى يولغا قويۇۋاتقان دۆلەت ۋە خەلق ئۈچۈن ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە دېموكراتىيە ـ قانۇنچىلىق كۆۋرۈكىنى ياخشى سېلىشقا تىرىشتى. دېموكراتىيە قۇرۇلۇشىنى ياخشى تۇتقاندىن سىرت، كەڭ كۆلەملىك قانۇن چىقىرىش ئۇنىڭ يەنە بىر چىڭ تۇتىدىغان ئىشى بولۇپ قالدى. پېڭ جېن تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق «قانۇن چىقىرىشنىمۇ ئىسلاھ قىلىش كېرەك» دەپ ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇنىڭ يېڭى پىكىر يولى ئىلگىرى مەركەز ھۆججەت چىقىرىش، چوڭ قانۇن تۈزۈش بىلەن شۇغۇللاندۇق، قانۇن چىقىرىش كۆلىمى ۋە سۈرئىتى ئارقىدا قالدى. بىز كۆپچىلىكنىڭ كۈچىنى جارى قىلدۇرۇپ، ھوقۇق بېرىشنى يولغا قويۇشىمىز، چوڭ ھوقۇق مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىدا بولۇشى، ئاندىن يەرلىك قانۇن چىقىرىش تارماقلىرىنىمۇ قانۇن چىقىرىشقا قاتناشتۇرۇشىمىز كېرەك، دېگەندىن ئىبارەت بولدى.

1985 ـ يىلى پېڭ جېن مەملىكەت بويىچە چاقىرىلغان ئۆلكىلىك، ئاپتونوم رايونلۇق، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرى مەسئۇللىرى يىغىنىدا بۇ قارارنى ئېلان قىلدى. شۇندىن باشلاپ مەملىكەت بويىچە يېڭى دەۋردىكى قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ يېڭى مەزگىلى باشلاندى. بۇنىڭغا پېڭ جېن مۇھىم ئاساس سېلىپ بەردى، بۇ بىر ئۆچمەس تارىخ بولۇپ قالدى.

پېڭ جېن ئىككىنچى قېتىم قايتا ئىشقا چۈشكەندىن كېيىن سىياسىي سەھنىدە ئون يىل ئالدىراش ئىشلىدى. بۇ ئون يىل ئۇنىڭ ئەڭ خۇشال ئۆتكەن چاغلىرى شۇنداقلا جۇڭخۇا مىللەتلىرى قەد كۆتۈرگەن ئون يىل بولدى، ئۇنىڭ بارلىق ئېتىقاد، ئىرادە ۋە پاراسىتى مىللەتنىڭ قەد كۆتۈرۈشىدەك تارىخىي داستانغا يۇغۇرۇلغانىدى. 1988 ـ يىلى رەھبىرىي كادىرلارنىڭ باقىۋەندىلىك تۈزۈمىنى بىكار قىلىشنىڭ تەشەببۇسچىسى سۈپىتىدە پېڭ جېنمۇ پېنسىيىگە چىقتى. خىزمەتتىن چېكىنگەندىن كېيىن ئۇ دۆلەتنىڭ مۇقىملىقى، مىللەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئىزچىل كۆڭۈل بۆلدى. 1989 ـ يىلدىكى سىياسىي بوھراندا ئۇ مەركىزىي كومىتېتنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن پارتىيىسىز زاتلارغا ئەھۋالنى چۈشەندۈرۈپ خىزمەت ئىشلىدى. 5 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى ئۇ 7 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ پارتىيىسىز مۇئاۋىن كومىتېت باشلىقلىرىنى تەكلىپ قىلىپ يىغىن ئېچىپ، پايتەختتە يۈز بەرگەن قالايمىقانچىلىق ھەققىدە سۆزلەپ، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارنى ئۆلچەم قىلىپ، ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشنى ئوتتۇرىغا قويدى.

پېڭ جېن پارتىيىنىڭ 3 ـ ئەۋلاد رەھبەرلىك كوللېكتىپىغا زور ئۈمىد باغلىدى ھەمدە يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىنى قوللاپ، پات ـ پات چارە ـ تەدبىر كۆرسىتىپ، ئۇلارنىڭ خىزمىتىگە بولغان مەمنۇنلۇقىنى ئىپادىلىدى. 1992 ـ يىلىنىڭ بېشىدا، دېڭ شياۋپىڭ جەنۇبنى كۆزدىن كەچۈرۈپ سۆھبەت بايان قىلغاندا، پېڭ جېن ئۇنى كۆرۈپ خۇشال بولغىنىدىن: «يولداش شياۋپىڭ بىر مەركەز، ئىككى ئاساسىي نۇقتىدا چىڭ تۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويدى، بۇ پارتىيىمىزنىڭ ئاساسىي لۇشيەنى. بىز كۈچنى توپلاپ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى تېخىمۇ ياخشى ۋە تېز ئېلىپ بېرىشىمىز، پارتىيىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئىككى قولدا تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇشىمىز كېرەك. ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرىدۇ ۋە ئازاد قىلىدۇ، بىز ئۇنىڭدا چىڭ تۇرۇپ كوممۇنىزمغىچە داۋاملاشتۇرۇشىمىز كېرەك» دېدى.

پېڭ جېننىڭ 90 ياشقا تولغان كۈنى دەل پارتىيە 14 ـ قۇرۇلتىيىغا توغرا كەلدى، قۇرۇلتاي يېپىلغان كۈنى جياڭ زېمىن، لى پېڭ قاتارلىق پارتىيە دۆلەت رەھبەرلىرىدىن ئون نەچچە كىشى ماشىنا بىلەن بېرىپ، دۆلەت قۇرۇشقا قاتناشقان بۇ تۆھپىكار زاتنى يوقلىدى. گۈللەر ئوراپ تۇرغان قورۇدا پېڭ جېن ئۆزىنى «مەن بىر پۇقرا، بىر كومپارتىيە ئەزاسى» دەپ ئاتىدى، ئەمما ئۇ تولۇپ تاشقان ئىپتىخار بىلەن كوممۇنىزم ئىشلىرى ئۈچۈن ئاداققىچە كۈرەش قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

(بۇ ماقالىنى سابىق ھەربىي كومىتېت قانۇنچىلىق ئىدارىسىنىڭ تۇنجى باشلىقى گېنېرال تۇمېن ۋە ئالاقىدار يولداشلارنىڭ ياردىمىدە يولداش شياۋ سىكې يازغان، «جۇڭخۇا ئوغۇل ـ قىزلىرى» ژۇرنىلى ئېلان قىلغان.

قاۋۇل توختى تەرجىمىسى)

## دۆلىتىمىزدە ھازىرغىچە قانچە ئاساسىي قانۇن تۈزۈلگەن؟

تۇنجى ئاساسىي قانۇن: 1954 - يىل 9 - ئاينىڭ 20 - كۈنى 1 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 - يىغىنىدا ماقۇللانغان.

ئىككىنچى قېتىملىق ئاساسىي قانۇن: 1975 - يىل 1 - ئاينىڭ 17 - كۈنى 4 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 - يىغىنىدا ماقۇللانغان.

ئۈچىنچى قېتىملىق ئاساسىي قانۇن: 1978 - يىل 3 - ئاينىڭ 5 - كۈنى 5 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 - يىغىنىدا ماقۇللانغان.

تۆتىنچى قېتىملىق ئاساسىي قانۇن (ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان ئاساسىي قانۇن): 1982 - يىل 12 - ئاينىڭ 4 - كۈنى 5 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 5 - يىغىنىدا ماقۇللانغان.

(«قانۇنچىلىق گېزىتى» نىڭ 1999 - يىل 3 - ئاينىڭ 10 - كۈندىكى سانىدىن)

نۇرگۈل كېرەم تەرجىمىسى

## ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان ئاساسىي قانۇنغا قانچە قېتىم تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن؟

1 - قېتىملىقى: (1988 - يىل)

(1) 11 - ماددىغا: «دۆلەت خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ قانۇندا بەلگىلەنگەن دائىرىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا ۋە راۋاجلىنىشىغا يول قويىدۇ. خۇسۇسىي ئىگىلىك سوتسىيالىستىك ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئىگىلىكىنىڭ تولۇقلىمىسىدۇر. دۆلەت خۇسۇسىي ئىگىلىكنىڭ قانۇنىي ھوقۇقى ۋە مەنپەئىتىنى قوغدايدۇ، خۇسۇسىي ئىگىلىككە يېتەكچىلىك، نازارەتچىلىك قىلىدۇ ۋە ئۇنى باشقۇرىدۇ.» دېگەن بەلگىلىمە قوشۇلدى.

(2) 10 - ماددىنىڭ: «ھەر قانداق تەشكىلاتنىڭ ياكى شەخسنىڭ يەرلەرنى ئىگىلىۋېلىشىغا، ئېلىش - سېتىشىغا، ئىجارىگە بېرىشكە ياكى باشقا شەكىللەر بىلەن قانۇنسىز ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە يول قويۇلمايدۇ.» دېگەن 4 - تارمىقىغا مۇنداق تۈزىتىش كىرگۈزۈلدى: «ھەر قانداق تەشكىلاتنىڭ ياكى شەخسنىڭ يەرلەرنى ئىگىلىۋېلىشىغا، ئېلىش - سېتىشىغا ياكى باشقا شەكىللەر بىلەن قانۇنسىز ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە يول قويۇلمايدۇ. يەر ئىشلىتىش ھوقۇقىنى قانۇندىكى بەلگىلىمە بويىچە ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە بولىدۇ.»

2 - قېتىملىقى: (1993 - يىل)

تۈزىتىش مەزمۇنى توققۇز ماددىغا چېتىلىدۇ، مۇھىم نۇقتىلىرى مۇنۇلار:

«سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى»، «جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى»، «ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتە چىڭ تۇرۇش» قاتارلىق مەزمۇنلار ئاساسىي قانۇننىڭ سۆز بېشىغا كىرگۈزۈلدى؛

«سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى» دېگەن سۆز «پىلانلىق ئىگىلىك» نىڭ ئورنىغا قويۇلدى. «دۆلەت ئىگىدارلىقىدىكى ئىگىلىك»، «دۆلەت ئىگىدارلىقىدىكى كارخانا» دېگەن سۆزنىڭ ئورنىغا «دۆلەت ئىگىلىكى»، «دۆلەت كارخانىسى» دېگەن سۆز ئىشلىتىلدى.

«يېزا خەلق كوممۇنىسى» دېگەن ئاتالغۇ چىقىرىۋېتىلىپ، «مەھسۇلاتقا بىرلەشتۈرۈپ ئائىلىلەرگىچە ھۆددىگە بېرىش ئاساس قىلىنغان مەسئۇلىيەت تۈزۈمى» نىڭ قانۇنىي ئورنى تۇرغۇزۇلدى.

ناھىيە دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ھەر نۆۋەتلىك ۋاكالەت مۇددىتى ئەسلىدىكى ئۈچ يىلدىن بەش يىلغا ئۆزگەرتىلدى.

(«قانۇنچىلىق گېزىتى» نىڭ 1999 - يىل 3 - ئاينىڭ 10 - كۈندىكى سانىدىن ئېلىندى)

نۇرگۈل كېرەم تەرجىمىسى

## يىغىن كۆپ بولۇشتىن بولىدىغان كېسەللەر

1. شامالداپ زۇكامداش: بىۋاسىتە سەۋەبى مەجلىسخانا ھاۋاسىنىڭ دىمىق، بۇرۇختۇرۇم بولغانلىقىدا. نەچچە ئون كىشى بىر ئۆيگە يىغىلىپ، بىر - بىرىگە تاماكا تۇتۇپ، ئۆينى ئىسلاپ، ھاۋانى بۇرۇختۇرۇم قىلىۋەتكەنلىكتىن، ئوڭايلا زۇكام يۇقىدۇ. ئىس - تۈتەكتىكى نىكوتىن ئادەمنىڭ كېسەلگە قارشى تۇرۇش كۈچىنى ئوڭايلا تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ، ئارىدا بىرەر ئادەم زۇكام بولسىلا باشقىلارغىمۇ يۇقىدۇ.

2. ھەزىم قىلىش ياخشى بولماسلىق: يىغىن مەزگىلىدە يېيىلىدىغان نەرسىلەر كۆپ بولىدۇ، تاماق يەپ بولۇپلا يىغىن ئېچىلىدۇ، يىغىندىن تارقاپلا تاماق يېيىش باشلىنىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ھەزىم قىلىش تەسىرگە ئۇچرايدۇ. مۇشۇ يوسۇندا ئۈچ ۋاق تاماق داۋاملىشىۋەرسە، مۇقەررەر ھالدا ئاشقازان زەخىملىنىپ، دېۋارلاز قېلىنلىشىپ، قورساق كۆپۈپ، يېمەكلىك يىغىلىپ قالىدۇ.

3. بەل تېلىپ ئاغرىش: ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇۋەرسە بەل ئومۇرت-

قىسى ۋە داس سۆڭەكلەر ئۆزۈنغىچە بېسىمغا ئۇچراپ، ئومۇرتقا تەخسە مۇسكۇللىرى ئۇچرايدىغان كۆچىنىڭ تەسىرى چوڭراق بولغانلىقتىن، ئۆستىخان ئۆسۈپ قېلىش، بەل ئومۇرتقىسى ئىششىپ قېلىشتىن بولىدىغان رېماتىزىم ياكى بەل مۇسكۇللىرى زېدىسى پەيدا بولىدۇ. دائىم يېغىنغا قاتنىشىدىغانلارنىڭ كۆپىنچە بېلى ئاغرىيدۇ.

4. زېھنىي كۈچى چېكىنىپ كېتىش: يىغىن ئۇزارغانسېرى كىشىگە خوشياقمايدۇ، بۇنىڭ بىلەن روھى سۇلغۇنلىشىپ، كىشىنى مۈگدەك باسىدۇ ـ دە، خاموش، ئۇنتۇقاق بولۇپ قالىدۇ.

«ئىسلاھات ۋە تەرەققىيات» ژۇرنىلىنىڭ

1998 ـ يىللىق 12 ـ سانىدىن

قاۋۇل توختى تەرجىمىسى

## تاماق چايناشنىڭ كۆزنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

يېقىندا ياپونىيە ئاكىتا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تىببىي پەنلەر پروفېسسورى شىمادا ئەپەندى تاماق چايناشنىڭ كۆزنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتىگە كۆرسىتىدىغان تەسىرى-ئۈستىدىكى تەتقىقات نەتىجىسىنى ئېلان قىلغان.

پروفېسسور شىمادا كۈندىلىك تۇرمۇشتا تاماقنى ئوبدان چايناپ يېمەسلىك بالىلاردىكى كۆرۈش قۇۋۋىتى ئاجىزلاپ كېتىشكە سەۋەبچى بولغان ئامىللارنىڭ بىرى دەپ كۆرسەتكەن. ئۇ سېنترالار مەكتىپىنىڭ 272 نەپەر قىز ئوقۇغۇچىسىنى تەكشۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى قاتتىق يېمەكلىكلەرنى ئوبدان چايناپ يەيدىغانلىقىنى ھەمدە كۆرۈش قۇۋۋىتىنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى بايقىغان. پروفېسسور شىمادانىڭ دېيىشىچە، كۆرۈش قۇۋۋىتى تەسۋىر ئۆتكۈزگۈچى خرىستال تەنچىنىڭ قېلىنلىقىغا باغلىقكەن، ئۇ پەردە توقۇلمىلىرىنىڭ ھەرىكىتى ئارقىلىق تەڭشىلىپ تۇرىدىكەن ھەمدە كۆرۈنگۈچى تاشقى جىسىم تەسۋىرىنى تور پەردىسىدە ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىكەن. شۇڭا ئادەمنىڭ يۈزى ۋە كۆزىدىكى مۇسكۇللار ئوبدان يېتىلمىسە، كۈچىنىشچانلىقى يېتەرسىز بولسا، كۆزنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتىگە يامان تەسىر كۆرسىتىدىكەن.

زامانىۋى ماددىي تۇرمۇشنىڭ يۇكسىلىشىگە ئەگىشىپ، ئۆسمۈر بالىلارنىڭ يېمەكلىكلىرى روشەن ھالدا يۇمشاقلىشىپ بارغاچقا، ئېڭەكنىڭ يېتىلىشى تەسىرگە ئۇچراپ، چايناش ئىقتىدارى تۆۋەنلەپ، يۈز مۇسكۇللىرىنىڭ كۈچىنىشچانلىقى ئاجىزلاپ كېتىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن خرىستال تەنچىنىڭ كۆرۈش ئىقتىدارىنى تەڭشەش رولى ئاجىزلاپ، خىزمىتى ناچارلاپ كېتىشى نەتىجىسىدە، كۆزنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتىمۇ مۇقەررەر ھالدا تۆۋەنلەپ كېتىدىكەن.

«بىلىم كالىندارى» دىن

قاۋۇل توختى تەرجىمىسى

## قارا ئۆرۈك ۋە ئۇنىڭ شىپالىق رولى

△ ساۋۇت ھېكىم △

قارا ئۆرۈك ئاساسلىقى جەنۇبىي شىنجاڭدىن كۆپ چىقىدۇ. ئۇ ئەزەلدىن شىنجاڭ ئۇيغۇر تىبابىتىدە كۆپ ئىشلىتىلىدىغان دورىلاردىن بولۇپ، تىبابەتچىلىكتە مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.

قارا ئۆرۈكنىڭ تەركىبىدە ئاقسىل، ماي، قەنت، كالتسىي، ۋىتامىن C ، ۋىتامىن B ، ۋىتامىن B2 ۋە تۆمۈر قاتارلىق ماددىلار بار. قارا ئۆرۈكنىڭ تەبىئىتى سوغۇق بولۇپ يۇقىرى قان بېسىمنى چۈشۈرىدۇ، تەرەتنى يۇمشىتىدۇ، باش ئاغرىقىنى پەسەيتىدۇ، بەدەن ئىسسىقتىن قىزىپ قالسا قىزىتمىنى ياندۇرىدۇ، كۆڭلى ئېلىشىش ۋە قۇسۇش ياكى قۇرۇق ھۆ تۇتۇشنى توختىتىدۇ، ئىشتەينى ئېچىپ ھەزىم قىلىشنى ياخشىلايدۇ، زۇكامنى داۋالايدۇ ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. ئادەم ھەر كۈنى قارا ئۆرۈكتىن مۇۋاپىق ئىستېمال قىلىپ تۇرسا چوڭ ۋە كىچىك تەرەتنى راۋانلاشتۇرۇپ، باش ئاغرىش، سەپرا خاراكتېرلىك قىزىتما، كۆپ ئۇسساش قاتارلىق ھەر خىل كېسەللەرگە شىپا بولىدۇ. ئادەتتە قارا ئۆرۈكنى باشقا دورىلار بىلەن مۇۋاپىق مىقداردا ئارىلاشتۇرۇپ بىر مەزگىل ئىچىپ بەرسە قاننى تازىلاپ، قان ئايلىنىشنى ياخشىلايدۇ، بەدەندىكى زەھەرلىك ماددىلارنىڭ سىرتقا چىقىرىلىشىنى تېزلىتىپ، زۇكام، مېڭە پەردە ياللۇغى، ھەر خىل سەۋەبلەردىن كېلىپ چىققان جىگەر كېسەللىكى، خولىرا ۋە قىزىش قاتارلىق كېسەللەرگە قارىتا ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ. قارا ئۆرۈك، ئەينۇلا، شاتۇت، ئىت ئۈزۈمى قاتارلىقلارنى قوشۇپ دەملەپ ئىچسە زۇكامدىن بولغان قىزىتما، ئال قورۇش، ئېغىز ياللۇغى، ئانگىنا، ئاۋاز بوغۇلۇش، قىزىل چېچەك، كېزىك، يۇقىرى قان بېسىمى، قان بېسىمى داۋاملىق يۇقىرى ھالەتتە تۇرۇش، ئارتېرىيە قان تومۇرلىرى قېتىشىش، يۈرەك سانجىقى ۋە يۈرەك مۇجۇپ ئاغرىش كېسەللىكلىرىگە شىپا بولىدۇ. ئادەتتە قارا ئۆرۈكنى قايناقسۇغا چىلاپ دەملەپ ئىچسە ھەر خىل كېسەللەرگە بولۇپمۇ زۇكامغا ئىنتايىن پايدا قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

يىراق شۇنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، قارا ئۆرۈكنى كۆپ ئىستېمال قىلىۋەتسە ئاشقازاننى سوۋۇتىدۇ. شۇڭلاشقا ئۇنى ئەڭ ياخشىسى مۇراببا قىلىپ، مۇرابباسىنى يېگەن ياخشىراق.

# دۇنيادىكى ئەڭ چىرىكلەشكەن دۆلەتلەر ۋە ئەڭ پاك دۆلەتلەر

جاھان ئەھلى يەر شارى خاراكتېرلىك ئىگىلىك تەرەققىياتى بىلەن مەيتۇن بولۇۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، چىرىكلىشىشتىن ئىبارەت سەل قاراشقا بولمايدىغان يوشۇرۇن خەۋپ كىشىلەرنى ساراسىمىگە سالماقتا. سۈزۈك ئىنتېرناتسىئونال (خەلقئارا ئاشكارىلاش تەشكىلاتى) نىڭ گېرمانىيىدىكى پايدا ئېلىشنى مەقسەت قىلمىغان بىر شىركەتتە تەسىس قىلغان باش شتابى خەلقئارا دەسمايە سودىگەرلىرى، خەۋپ ـ خەتەر تەھلىلچىلىرى، مۇخبىرلار ۋە جامائەتچىلىك ئارىسىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق، 85 دۆلەتنىڭ چىرىكلىشىش ئەھۋالىنى رەتكە تۇرغۇزۇپ چىققان. رەت تەرتىپى قانچە ئالدىدا تۇرغانلار شۇنچە پاك، دەپ قارالغان. سۈزۈك ئىنتېرناتسىئونال ھەر بىر دۆلەتكە نومۇر قويۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ باھا بەرگەن، ئون نومۇرغا ئېرىشكەنلىرى ئەڭ پاك. نۆل نومۇرغا ئېرىشكەنلىرى ئەڭ چىرىكلەشكەن، دەپ ھېسابلىنىدىكەن.

ئەڭ چىرىكلەشكەن دۆلەتلەر:

| دۆلەت | رەت تەرتىپى | ئېرىشكەن نومۇرى |
|---|---|---|
| روسىيە | 76 | 2.4 |
| ئېكۋاتور | 77 | 2.3 |
| ۋېنېسۇئېلا | 77 | 2.3 |
| كولۇمبىيە | 79 | 2.2 |
| ھىندونوزىيە | 80 | 2 |
| تانزانىيە | 81 | 1.9 |
| نىگېرىيە | 81 | 1.9 |
| ھوندوراس | 83 | 1.7 |
| پاراگۋاي | 84 | 1.5 |
| كامېرون | 85 | 1.4 |

سۈزۈك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ كۆرسىتىشىچە، چىرىكلىك يامرىغان دۆلەتلەر كۆپىنچە خەلقئارا قەرز پۇل ياردىمىگە ئەڭ كۆپ ئېرىشكەن دۆلەتلەر ئىكەن. مەسىلەن، ھىندونوزىيە 80 ـ بولغان بولۇپ، IMF بېرىشكە ۋەدە قىلغان 10 مىليارد ئامېرىكا دوللىرى قەرزنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى بېرىپ بولغان. ھالبۇكى، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، چىرىكلەشتى، پارا ئالدى دەپ قارىلىپ تەختتىن چۈشكەن زۇختۇڭ سۇخارتونىڭ دۇنيادىكى ھەر قايسى بانكىلارغا قويغان 4 مىليارد ئامېرىكا دوللىرى قىممىتىدە مال ـ دۇنياسى بار ئىكەن. يەنە مەسىلەن، نىگېرىيە 81 ـ ئورۇندا بولۇپ، 30 مىليارد ئامېرىكا دوللىرى تاشقى قەرزى بار ئىكەن. بىراق سابىق رەھبىرى گېنېرال ئاباچىنىڭ ئومۇمنىڭ پۇلىدىن 500 مىليون ئامېرىكا دوللىرىنى يۇتۇۋالغانلىقى ئېنىقلانغان.

ئەڭ پاك دۆلەتلەر:

| دۆلەت | رەت تەرتىپى | ئېرىشكەن نومۇرى |
|---|---|---|
| دانىيە | 1 | 10 |
| فىنلاندىيە | 2 | 9.6 |
| شۋېتسارىيە | 3 | 9.5 |
| يېڭى زېلاندىيە | 4 | 9.4 |
| ئىسلاندىيە | 5 | 9.3 |
| كانادا | 6 | 9.2 |
| سىنگاپور | 7 | 9.1 |
| گوللاندىيە | 8 | 9 |
| نورۋېگىيە | 9 | 9 |
| شۋېتسارىيە | 10 | 8.9 |

ئامېرىكا بىلەن ئاۋستىرىيە ئوخشاشلا 17 ـ بولۇپ، 7.5 نومۇرغا ئېرىشكەن. سۈزۈك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ مەسئۇللىرىدىن بىرى بولغان فىيگىر مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: رەتكە تۇرغۇزۇلغان 85 دۆلەتنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى 5.5 نومۇرغا ئېرىشكەن، بۇ كىشىنى ئەندىشىگە سالىدۇ. بىز مۇشۇنداق رەتكە تۇرغۇزۇش ئارقىلىق، پۇقرالارغا ھۆكۈمەتنىڭ چىرىكلىشىش ئەھۋالى شۇ دۆلەتنىڭ تەرەققىياتىغا تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىغا دىققەت قىلىش توغرىسىدا تەربىيە بەرمەكچى. شۇڭا ئېرىشكەن نومۇر رەت تەرتىپىدىنمۇ مۇھىمراق.

فىيگىر ئاخىرىدا چىرىكلىكنى داۋالاشنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسى بىر يۈرۈش مۇستەقىل ئەدلىيە سىستېمىسى بىلەن ئەركىن ئاخبارات ۋاستىسى بەرپا قىلىش ھەمدە ھۆكۈمەت ھەرىكىتىنىڭ سۈزۈكلۈك (ئاشكارىلىق) دەرىجىسىنى ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت، دەپ كۆرسەتكەن.

«ئىسلاھات ۋە تەرەققىيات» ژۇرنىلىنىڭ 1998 ـ يىللىق 12 ـ سانىدىن

قاۋۇل توختى تەرجىمىسى

# گۈللىنەمدۇ مائارىپ؟

△ يالقۇن ئۆمەر △

رۇس بولمىسا دىلىمىز، گۈللىنەمدۇ مائارىپ؟
ئۆتسە بوش ئاي - يىلىمىز، گۈللىنەمدۇ مائارىپ؟

مۇئەللىمنى خارلىساق، ئىچىمىزنى تارلىساق،
تەگسە ھەتتا تىلىمىز، گۈللىنەمدۇ مائارىپ؟

سىلىپ تاياق بالىغا، قارا دەپ قوي - كالىغا،
تورسا ئەلا گېلىمىز، گۈللىنەمدۇ مائارىپ؟

تاشلاپ كىتاب - دەپتەرنى، ئويناپ كۈچۈك، كەپتەرنى،
بولسا ئاشۇ خىلىمىز، گۈللىنەمدۇ مائارىپ؟

باللارنى بەزدۇرسەك، ئوقۇشىدىن تەزدۇرسەك،
رۇسلانمىسا بىلىمىز، گۈللىنەمدۇ مائارىپ؟

مەسچىد دېسە ياشارساق، مەكتەپ ئۈچۈن قاشارساق،
چىقسا بىر پەس يىلىمىز، گۈللىنەمدۇ مائارىپ؟

ئۆگەن دېسە قاقشىساق، بىمارغىلا ئوخشىساق،
تۇتسا كېسەل - سىلىمىز، گۈللىنەمدۇ مائارىپ؟

پەن - ئىلىمنى قوللىماي، ئىشانلار يوللىماي،
تەۋرىمىسە قىلىمىز، گۈللىنەمدۇ مائارىپ؟

پۇل - مالغىلا بېرىلسەك، تاپساق مەغرۇر كېرىلسەك،
بۇنى ھەممە بىلىمىز، گۈللىنەمدۇ مائارىپ؟

# ئىككى شېئىر

△پەرھات مەمتىمىن △

## بىر سەنلا كېرەك

ئۆچراشقاندا سەن بىلەن دائىم،
تىنچ تورالماي تىپچەكلەر يۈرەك.
ئايدەك يۈزۈڭ، ئاھۇ كۆزۈڭدىن،
دىلغا سالدىڭ بىر شېرىن تىلەك.

مەن مەلەككە بارىمەن كۈندە،
توشقان كەبى بوپ قالدىم يۈگرەك.
ھەيران بولسا، نېمە بولدى دەپ،
تەشنايىمغا بىر سەنلا كېرەك.

## كۆرگەن ئىدىم ...

كۆرگەن ئىدىم بىر چاغدا سېنى،
(يەنە كۆرۈش بولسىدى نېسىپ! )
چاچلىرىڭنى يېيىپ بۇلۇتتەك،
ئۇخلار ئىدىڭ يېنىك تىن ئېلىپ.

دولقۇن، دولقۇن بەدىنى كۆكسىڭ،
بىر كۆتۈرۈلەر، بىردە پەسىيىپ.
كەتكۈم كەلدى دولقۇنلىرىڭغا،
تامچە كەبى مەڭگۈلۈك سىڭىپ... !












قانۇني ۋەكىل جۇ گۋاڭمىڭ

# كۈيتۈن شىنچېڭ باسما زاۋۇتى



بېسىش سېخى

كۈيتۈن شىنچېڭ باسما زاۋۇتى كۈيتۈن شەھىرى بويىچە داڭلىق خۇسۇسىي باسما كارخانا بولۇپ، بىر مىليون يۈەنگە يېقىن مۇقىم مۈلكى بار. بۇ زاۋۇت باسقان باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ پىنيىن ئۆگىنىش كىتابى، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ دەرس پىلانى دەپتىرى، ئوراش - قاچىلاش ماتېرىياللىرى ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي ۋىلايەتلىرىدە بازار تاپتى.

بۇ زاۋۇت قانۇنلۇق تىجارەت قىلىدۇ، مەھسۇلات سۈپىتىگە ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئۇ ئاپتوماتىك باشقۇرۇلىدىغان ئىلغار ئۈسكۈنىگە ۋە تېخنىكا ماھارىتى ئۈستۈن ئىشچى - خىزمەتچىلەر قوشۇنىغا ئىگە. بۇ زاۋۇت خېرىدارلارنىڭ قەدەم تەشرىپ قىلىشىنى قىزغىن قارشى ئالىدۇ.

ئادرېسى: كۈيتۈن شەھىرى ئىلى يولى 3 - رايون

قانۇني ۋەكىلى: جۇ گۋاڭمىڭ

تېلېفون نومۇرى: 0992 - 3227033



قەغەز كېسىش ماشىنىسى



باسما بۇيۇملىرى تەكشۈرۈلمەكتە




قىسمەن باسما بۇيۇملىرى

# بىڭتۇەن تۇەن - مەيدانلىرىنىڭ قىياپىتى

## بىڭتۇەن قۇمۇل باشقۇرۇش ئىدارىسى ليۇ شۇچۇەن دېھقانچىلىق مەيدانى



مەيدان باشلىقى گۇ شىڭچۇەن

بىڭتۇەن قۇمۇل باشقۇرۇش ئىدارىسى ليۇ-شۇچۇەن دېھقانچىلىق مەيدانى مەمۇرىيىتى قۇمۇل شەھىرىنىڭ غەربىي شىمالىغا 65 كىلومېتىر كېلىدۇ، ئاھالىسى 10 مىڭدىن ئاشىدۇ. لەنجۇ - شىنجاڭ تۆمۈر يولى، 312 دۆلەت تاشيولى مەيداننى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدۇ، ليۇ شۇچۇەن ۋوگزالى مەيدان مەمۇرىيىتىگە ئىككى كىلومېتىرلا كېلىدۇ.



كەڭ كۆلەمدە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈلمەكتە

دېھقانچىلىق مەيدانى ئېتىزلارنى سۇغىرىشتا يەر ئاستى سۈيىنى ئاساس، تاغ سۈيىنى قوشۇمچە قىلىدۇ. يېزا ئىگىلىكىدە باغۋەنچىلىك ۋە پاختا ئىشلەپچىقىرىشنى ئاساس قىلغان بولۇپ، 7000 مو يەرگە كېۋەز تېرىلىدۇ، پاختىنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 127 كىلوگىرامغا يېتىدۇ، باغۋەنچىلىكتە كىشمىش ئۈزۈم سېتىشنى ئاساس قىلىدۇ، ئۈزۈم ئۆستۈرۈلىدىغان كۆلەم 13 مىڭ موغا، بىرلىك مەھسۇلاتى 1.52 تونناغا يېتىدۇ. ليۇ شۇچۇەن دېھقانچىلىق مەيدانىدىكى بارلىق خادىملار جەمئىيەتتىكى ھەر ساھە زاتلىرى بىلەن بىرلىكتە دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ گۈزەل كەلگۈسىنى ئورتاق يارىتىشنى خالايدۇ.



مەيدان قۇرغان زاۋۇتنىڭ قىسمەن مەھسۇلاتلىرى


تېلېفون نومۇرى:

(0902) 6351013 , 6351015




پاختا زاۋۇتى پاختا سېتىۋالماقتا



سۇلياۋ يوپۇق يېيىپ كېۋەز تېرىشنى ئومۇملاشتۇرۇش نەق مەيدان يىغىنى


بەت لايىھىلىگۈچى: بېي فېڭ

بۇ بەتتىكى سۈرەتلەرنى ۋاڭ شىنپىڭ، ۋاڭ ئەيۋېن تارتقان.

مەملىكەت ئىچىدىكى بىر تۇتاش نومۇرى CN65 - 1166/D پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 34 — 58

ئېلان رۇخسەتنامە نومۇرى: 01005433 باھاسى 2.40 يۈەن